سىدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

(4)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

سىدىقھاجى روزى ئەسەرلىرى

# ئۇيغۇرنىڭ

# ئورنى نەدە؟

# (4)

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017-يىلى 4-ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بۇش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايىس خانىم
بىلەن بىللە

THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

**(تەرجىمىسى)**

ۋاشىنگتون ئاق ساراي

***2002*-يىلى *3*-ئاينىڭ *4*-كۈنى**

قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:

رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خېتىدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى *23*-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.

پرېزىدېنت *2*-ئاينىڭ *21-22*-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قېيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

**(ئىمزا)**

***Condoleezza Rice***

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى

سىدىق روزى (ئادرېس)

ئوڭدا: سىدىقھاجى روزى





سولدا: سىدىقھاجى روزى رەپىقىسى رابىيە خانىم توغرىسىدا سۆز قىلماقتا



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى بىلەن

شۋىتسىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدە ***14/11/2005***



رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن ۋاقتى

***2005***-يىلى ***17***-مارت

سىدىقهاجى روزى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن بىرگە









ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا بېغىشلايمەن

مەن ئۆمرۇم بويى  ختايغا قارشى كۇرەش قلدم، لېكن بەزى ئۇيغۇر تللق ئادەملەر ماڭا قارشى كۇرەش قلدى.

بەزلەر ماڭا سياسەت ئۆگەتمەكچى بولۇشتى، ئەپسۇسكى، مېنى دۇنياغا ئاپېردە قلغان كۇندن باشلاپ ئاللاھ ماڭا سياسەت ئۆگتپ بولغان ئدى.

ئنسانغا ئېغر كېلدغان بر ئش، جەمئيەت داشقاللرنڭ ئەقل ئۆگتشى، دانشمەنلەرنڭ جم تۇرۇۋېلشدۇر.

# مۇندەرىجە


سىدىقھاجى روزى تەرجىمىھالى........................................ 1

رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمىھالى........................................ 26

خىتاي دېگەن يەنىلا خىتاي-دە........................................ 36

خىتاينىڭ باياناتى........................................ 41

تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى........................................ 42

ۋاشىنگتوندا........................................ 43

رابىيە قادىر........................................ 44

رەئىس خۇجىنتاۋ........................................ 44

ئامېرىكا........................................ 46

دالاي لاما........................................ 47

خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى........................................ 48

ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى........................................ 49

تىبەت ........................................ 50

باش ئەلچى ........................................ 51

تەيۋەن........................................ 53

جىددىي خەۋەر........................................ 54

رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇرنىڭ سىياسى مەسىلىسى........ 58

دالاي لاما........................................ 61

ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى........................................ 62

سابىق پرېزىدېنت لى دىڭخۇي........................................ 64

تىبەت ۋە بېيجىڭ سۆھبىتى........................................ 65

تىبەت توغرىسىدا يۇزە ئۇيلىنىش........................................ 66

ۋاشىنگتون........................................ 71

قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربى مانېۋىر.................................... 72
تىبەت.................................................................................... 74
ئامېرىكا.................................................................................... 77
قايغۇلۇق خەۋەر.......................................................................... 78
ۋاڭ شىسەي (ۋاڭ لىچۈەن)............................................................ 81
شاپپورت ئەپەندى........................................................................ 85
بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى...................................................... 86
ئامېرىكا.................................................................................... 87
لورېن كېرەينېر ئەپەندى................................................................. 88
ئامېرىكا.................................................................................... 90
تىبەتلەر جۇڭگۇلۇق ئەمەس............................................................. 92
ۋاشىنگتون................................................................................. 93
ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى................................................................ 94
دالاي لاما.................................................................................. 95
خىتاي يازغان ئاق تاشلىق كىتاب.................................................... 97
ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى.......................................................... 99
نەدىسەن، مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر............................................... 100
دۆلەت مەجلىسى.......................................................................... 107
شياڭگاڭ.................................................................................... 109
ۋاشىنگتون ................................................................................ 110
رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى.............................................................. 111
تەيۋەن .................................................................................... 113
تىبەت ..................................................................................... 118
پرېزىدېنت بوش.......................................................................... 119
رابىيە قادىر توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ئوتتۇرغا قويۇلدى........................... 121

رابىيە قادىر ............ 121

پرېزىدېنت چېن شۈي بىيەن ............ 123

چىيەن چېچىن دېگەن كىم؟ ............ 125

قىزىم ئەقىدەم ............ 127

روسىيە فېدراتسىيىسى يەنە نېمە دەيدۇ ............ 129

رابىيە قادىر ............ 131

ئامېرىكا فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتى ............ 132

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى ............ 134

تۇيۇقسىز بىر يىل قىسقارتىلدى ............ 135

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ پوزىتسىيىسى ............ 136

ۋاشىنگتون ............ 138

جەنۋەدە ............ 139

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ............ 141

نورۋېگىيە رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى ............ 142

نورۋېگىيە مۇخبىرلىرى ............ 143

مۇلاھىزە ............ 146

نورۋېگىيىدىن مېھمان كەلدى ............ 147

نورۋېگىيىدىن رافتو تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى كەلدى ............ 150

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى ............ 156

ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ............ 158

مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم ............ 159

ئامېرىكا ............ 165

تىبەتلەر جۇڭگولۇق ئەمەس ............ 167

ۋاشىنگتون ............ 169

ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى ............ 170

دالاي لاما.................................................... 170
خىتاي يازغان ئاق تاشلىق كىتاب.................................. 172
ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى........................................ 174
نەدىسەن، مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر.............................. 175
دۆلەت مەجلىسى................................................. 182
رادىئودىن ئاڭلىغان خەۋەر........................................ 183
شياڭگاڭ ........................................................... 184
ۋاشىنگتون......................................................... 186
تەيۋەن.............................................................. 188
ياشا ئامېرىكا...................................................... 190
تىبەت .............................................................. 193
پىرېزىدېنت بۇش.................................................. 194
رابىيە قادىر توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ئوتتۇرغا قويۇلدى....... 196
رابىيە قادىر....................................................... 197
پىرېزىدېنت چىن شۈي بىيەن ....................................... 198
چىيەن چىچېن دېگەن كىم؟........................................ 200
قىزىم ئەقدەم ..................................................... 202
روسىيە فېدراتسىيىسى يەنە نېمە دەيدۇ؟........................ 204
رابىيە قادىر ..................................................... 206
ئامېرىكا فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتى.......................... 207
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى . 208
رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى.................................. 210
تۇيۇقسىز بىر يىل قىسقارتىلدى.................................... 211
مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ پوزىتسىيىسى ...................... 211
ۋاشىنگتون......................................................... 213

جەنۆەدە ........................................................... 215
خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى......................................................... 217
نورۋېگىيە رافتو كشلك هوقۇق فوندى جەمئيتى............................ 217
نورۋگىيە مۇخبىرلرى.......................................................................... 219
مۇلاھىزە .......................................................................................... 221
نورۋېگىيەدىن مېهمان كەلدى.......................................................... 223
نورۋېگىيەدىن رافتو تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلرى كەلدى................................... 226
نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرستىلدى...................................... 231
ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ خەۋەرلرى................................................ 233
مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم .................................................... 234
ئەيىپلەش قانۇن لاهىيسى..................................................................... 240
سىدىقهاجى روزىنىڭ باياناتى............................................................... 244

## سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

### سىدىقھاجى روزى

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالا ھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۇچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرپىنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھيە- ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ختاي مۇستەملىكىچىلىرى 1949-يىلى 10-ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرستەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى بىر

تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويىدى زامان زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئىغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى . مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر -ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ، سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر پومېشچىك قالپىقى كەيدۇرۇلۇپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 - ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى سىدىقھاجى رۇزى ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش شەھرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 - ئايدا ئالى مەكتەپنى تاماملىشى كېرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بۇيىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى - ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىندى .كېيىن تامغا چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك ]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى، تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"،

"ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى رۇزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى .تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى 1966 .-يىلى11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىدا "قىزىل3 - باتالىيون " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى رۇزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى رۇزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق.

-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق.

- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟

-بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟

- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مىللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۇرەش مەسىلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟

- راست شۇنداق دېگەن. بۇگۇن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يوليۇرۇق " بۇلۇپ قالدى.

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوندا سىنىپى كۇرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرتار خىتايلىرى چوڭ-چوڭ سىياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللى سىياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟

نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟

-قېنى ساۋاقداشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.

"قىزىل 3-لىيەن" مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.

"قىزىل3 -باتالىيون " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللى سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى .بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ باياناتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە" چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۇرۇمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى . مەتمىن ئىمىنوپ1967 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۆتۈرۈپ،" قىزىل 3-باتالىيون " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللى ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بۇلۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەتمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، خىتاي ھاكىم خەيرۈي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تىگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى

هاكىمىيتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 پۇەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بويتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتلىك مەتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تلىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تلىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( هازىر هايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتلىك مەتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئۇنىر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېئۇنىر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بوينىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا-مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كىرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:

-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

2

"قىزىل 3- باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ

تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىڭتۇەننىڭ ئاپىشارىكلىرى 80 يىلدىن پۇل خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىككە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قوبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ؟"،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىت" ئارقىلىق ئانسامبىلىنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كېچە- كۈندۈز ئاگلىق ياكى ستىخىيىلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيون " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپىشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسلەن، ماركسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سېلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەيتۇق، يىغىنغا رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر... دوستۇممۇ

رىياسەتچىلىك قىلاتتى.( بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئىسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقداشىممۇ....... (بۇ كىشى ھەم ۋەتەندە ئىسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر - بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئىسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلىشمايتۇق.ئەسلىدە يۇرتۋازلىق ئىپتدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رىپلىكس ئارقىلىق رول ئوينايدىغان ئىپتدائى قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يىپلىنجاپ تۇرىدىغان رەشىك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم-بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۇر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدېشىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتىتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئۇقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرىلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 مىليۇن ئۇيغۇرىستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتۇنوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن،

ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۇچۇن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۇچۇن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۇچۇن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئۇسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەرىيىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيتى، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇريي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىققا ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۈزۈتۈپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تەخمىنەن 15مىڭ20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ

نامايشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زاماندىشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقىنىمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)

شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش -ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.

مەن ئانسامبىلىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مىنىڭ ئوتتۇرامدا ساۋاقدىشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مىنىڭ قولۇمدا بىر جىگدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مىنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشىمۇ

بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سىتىپ ئىلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20- 22 ياشلىق بالىلار ئىدى.)

ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ..(تېلېفون "ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)

-نېمە گەپ ئىكەن؟

-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.

-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۇئېنلەي:

-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،- نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزونىېستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۆزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!

جۇئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۇئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. باللىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يۇشۇرۇۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۆزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمغا ئېلىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمۇتنى بەتلەپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...

3

ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ ھەربى رايونى كېچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۆردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۆردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاققا باستۇرۇپ كىرىپ، مەمتىمىن ئىمىنوپنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋاقداشلىرىمىز غۇپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۇنىۋېرسىتېتى ئاللىقاچان ھەربى رايوننىڭ

نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئولاتايىپ بىر باتالىيۇن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانداپ رەھمەتلىك ئىمىنوپنى باجياخۇ تۇرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2- دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ 29- كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھۇكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمىن ئىمىنوپنى ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇر دۇختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ..... (بۇ ھېكايىلار مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)

ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلنىڭ ئاخىرىدا جاي- جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئايالىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا -ئۆتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.( بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)

1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدېشىم ئېركى- ئەركىن، (موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدېشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى

ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتايىنىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن "شىنجاڭ" مىقياسىدا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەھەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.ھەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتـۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالىكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولغىنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالىكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچۈنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىگىتۆەنىنىڭ قورالىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئاللىقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمىغان. ساۋاقدېشىم ئېرىكى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتماسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق

ۋاپات بولغان.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۇچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنەتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى خىتاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۇرۇنلاشقىچە،

شاڭخەي، گوۇاڭجوۇ قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.

1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.ماڭا 2مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىيالىمنى بىكار قىلىپ ئۇنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.

1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ خىتاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى خىتاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكىرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىندىشىمىز تەلەۋقان خىتاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى بولىشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۈشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمەسلىكتە، نەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى.

شۇڭا مەن، "نەپسڭنى يىغۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتاينى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلا ر قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۇچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بۇلۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بۇلۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلا ر قالتىس يۈرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بۇلۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەڭلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتراپىدا پاش قىلىۋەتكەن. بىز كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق

بولىشنى خالارمىدى؟

1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىنىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىنىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلدى.فىنىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىندا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان ماينۇر قاسىم، ھەتتا ساۋدانوپ ئەپەندىلەر:

ن- نېمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇينىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋىقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى ماينۇر قاسىممۇ، ساۋدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى. فىنىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنىستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:

- قاچ، سىدىق قاچمىساڭ بولمايدۇ، قۇرداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ ھالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمىساڭ بولمايدۇ.

نەگە ؟

-ئوھوي...!

-نەگە؟

-ئوتتۇرا ئاسىياغا...

- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...

1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۈرۈمچىگە «7- نومۇرلۇق ھۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، خىتاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىڭ داجىنىنىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا ھەممە، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!

1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۆزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر خىتاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى ھامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........ خىتاي تىلىدا.

1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى

ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۇيغۇرلار ۋاشىنگتوندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۇرۇمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... بالىلىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا بالىلىرىمنىڭ ھېسياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟

سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈندىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۆزى ۋە بالىلىرى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى،ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بېسىمى ئارقىلىق،خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چېكىنىپ، رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۈيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيۇن " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار........... بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نېمىشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۈيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى....". ھەتتەگەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئېگىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت -بىتۇن تامغا" ياشىسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىگسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كاردورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۇنىۋېرسىتىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى.......

مېنى بۇ يەرگە نېمشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مېنىڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسىدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى) كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا داننى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆمشۇقى ) كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۇم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يېشىۋېتىپ ئۇستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يېتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن دەرھال قوپالمايدىغان بولۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۇرۇمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەي:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۈچاغا

تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۇچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كۇچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېنىڭدىن ختايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... ختايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۈگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات قويۇقلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇقلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۇچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:

" گېرمان تۇگىسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،

ئىنگلىز تۇگىسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،

تۈرك تۇگسە دۇنيادا شەجائەت تۇگەيدۇ،

روس بىلەن خىتاي تۇگسە دۇنيادا ئاپەت تۇگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق

مەقسۇمنىڭ ۋەسىيتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...1980 -يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈندە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۇ ۋىدالاشتى.

دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۆرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شۇۋىتسىيدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 -يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن ئېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيگە نەشر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۈنىڭدىن 45 يىل

بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۈكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەنىدە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۈگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان ئۈكىمىزغا دېگەنلىلىرىم يېڭى دەۋردە ياشاۋاتقان سىيىت گاڭگۇڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسىلەن، شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كېچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋىرى بار دەيسىلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟

مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بولاي بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سېلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ

بىشدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن....... ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ -ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھتنى بىر -بىرىگە سېلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سېلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سياسى ئۆزگىرىش قىلمەن دېدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئاما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئېركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، خىتايغا يېتەرلىك بېسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كېسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليۇن نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20-يىللىرىدا فىرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپۇنىيەدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېركا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون خىتابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتۇندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستېردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندۇنغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر،" ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ

تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراستىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.

2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتۇلدى. ۋاشىنگتۇن

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈندىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتم تۇم تۇرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949-يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى جەنۇبى "شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كېچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل - پېچەك،مال -بىساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كېچەكلىرىنى مۇسادىرە

قىلدى.

1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991- يىلى پۈتۈن ياۋرۇپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا رۇخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، "رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى ياخشى تەربىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر، 200دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى " مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ 1998-يىلى 2 - ئاينىڭ25 -اكۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىلىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا- تىجارەتنى كېڭەيتىشىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان" شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۇچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.رابىيە قادىر سومكىسىغا سېلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، نورۋىگىيە، ئاسىيادا ياپونىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ

بىسمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى. رابىيە قادىر 2005-يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 -ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كەلدى.

2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

1-2005 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ باللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق باللىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ باللىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتۇندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2- رابىيە قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق

دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدى.

4- رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگىراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۆن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چېخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يېتىپ بېرىپ رابىيە قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، شىۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ،

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋېگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10- 2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېسىم ۋاقتى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باللىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپۇنىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېموكراتىك ئەللەر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا

تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پىائالىيىتى قىلىۋاتىدۇ.

13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللارنى يەنە شۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيىگە تەشكىللەپ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى قىلماقچى بولسا، ختاي ھۆكۈمتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.

15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، ختاي دېموكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.

16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەەدنىيتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىششى كېرەكلىكىنى، يېڭىلا سېتىپ ئالغان ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.

17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ختاي بىلەن دېئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.

19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، ختاي ھۆكۈمتى دەپسەندە قىلغان ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا

ئاشكارىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈش 2012-يىلى 7 -ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگىراممىنىڭ بېرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگىراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئىش بولدى.

21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلىدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ ساننىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.

22 - ئۇيغۇر مىللى ھەرىكتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى1 -ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۇستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توۋەندىكىچە:

1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومىگەر پومىشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى 11-ئايغىچە ختاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.

2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 - باتالىيۇن ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈندىن 1977-يىلى 10-ئايغىچە ختاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ

ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.

3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۈمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 - يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈندىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 -كۈنگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، بااجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدىلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

6)ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈندىن 12-ئاينىڭ1 -كۈنگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈندىن 26 - كۈنگىچە فىرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.

سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر

ئۇچۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۇچۇن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.

2013-يىلى 7 ئاينىڭ11 -كۈنى ۋاشىنگىتۇن.

**ختاي دېگەن يەنلا ختاي،-دە**

2002-يىلى2 -ئاينىڭ27 -كۈنى

ھازىرغىچە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بىر دۆلەت ئىكەنلىكى ياكى جۇڭگو تېرتورىيىسىنىڭ" بىر قىسمى" ئىكەنلىكى توغرىسىدا چوڭ قۇرۇغلۇقتا ختاي مىللەتچىلىرىنىڭ غۇلغۇلا قىلىشقىنىدىن باشقا ھەتتا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇستەقىل بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغان تەيۋەن ختايلىرىنىڭ ئىچكى قىسىمدىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ" تەۋە"لىكى توغرىسىدا تالاش -تارتىش بولۇپ كەلمەكتە.

نۇمۇس قىلىش ئەسلى مەنىسىنى يوقۇتۇپ، يۈزسىزلىك قىلىش ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈلگەندە ھەر قانداق گەپ، ھەر قانداق سۆز ئوتتۇرىغا چىقىۋېرىدۇ. ختايلار ئۈچۈن نۇمۇس قىلىش بىلەن يۈزسىزلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. ختايلار كېرەك بولغاندا نۇمۇس قىلىشنى يۈزسىزلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا، يۈزسىزلىك قىلىشنى نۇمۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا قويىۋېرىدۇ. تەيۋەندە موڭغۇلىيە مەسىلىسىنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يۇقىرىقى بىر -بىرىگە ئورۇن بېرىش ھادىسىسىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ كۆرسەتتى.

تەيۋەن قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ بىدشلىقى ۋاڭ جىن پىڭ ئەپەندى27 -كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ يىغىندا :" تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ تېررتورىيە مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسى ھازىرغىچە تالاش -تارتىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

تاشقى موڭغۇلىيە ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بۇلوپ بولغان دۆلەتتۇر. شۇڭا ھەرقانداق بۇيۇك بىر كىشى ياكى بۇيۇك بىر دۆلەت ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئېيتقاندا، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ئاساسى قانۇن مەسىلىسى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى سىياسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىخقا نەزەر تاشلىساق،1945 -يىلى8 -ئاينىڭ14 -كۈنى موسكۋادا،" جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقدا شلىق شەرتنامىسى "نى ئىمزالىغاندا بۇ شەرتنامىنىڭ،قوشۇمچە ھۆججىتىدە :" ئەگەر تاشقى موڭغۇلىيە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش ئارزۇلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز "دېيىلگەن.1945 -يىلى10 -ئاينىڭ20 -كۈنى تاشقى موڭغۇلىيىدە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ( دەل شۇ پەيتتە ئۇيغۇرنىڭ مىللى ئازادلىق ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىدا توختاشقا ستالىن بۇيرۇق چۈشۈردى .)مۇستەقىل بولۇشقا قارشى بىلەت تاشلىماي پۈتۈن موڭغۇلىيە خەلقى مۇستەقىل بولۇشنى قوللاپ بىلەت تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى پاكىتنى نەزەرگە ئېلىپ 1946-يىلى1 -ئاينىڭ 5-كۈنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇسەقىللىقىنى رەسمى ئېتىراپ قىلدى.

(دىققەت ۋەتەندېشىم،1946 -يىلى1 -ئاينىڭ2 -كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا غەلىبە قىلغان ئۇيغۇر مىللى دېمۇكراتىك ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلاربىلەن خىتاي گومىنداڭنىڭ ۋەكىلى، ك گ ب غا ئەزا بولۇپ ستالىنغا باغلانغان گېنېرال جىياڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىسىدا 11"بېتىم" ئىمزالاندى. ئۇيغۇر دۆلىتى سوۋېتلەر قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر تەرىپىدىن خىتايغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىلدى.1946 -يىلى1 -ئاينىڭ5 -كۈنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. نېمە دېگەن ھاقارەت بۇ، ئۇيغۇر مىللىتى ساڭا شۇ ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەن نېمە دېگەن ھاقارەت بۇ؟)

شۇ كۈندىن باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭخۇۋا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قانۇن تۈزۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش مەجبۇرىيەتلىرىدىن خالاس بولدى، دۆلەت پارلامېنتى سايلىمىغا قاتنىشىش مەسئۇلىيەتلىرىدىن خالاس بولدى، تاشقى موڭغۇلىيە خىتاي گومىنداڭنىڭ

ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئائىت تالاش -تارتىشنىڭ يىلتىزى 1951-يىلىدىن باشلاندى.1951-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى قارار ماقۇللاپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ، جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن" جۇڭگو، سوۋېت، دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى"نى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى، شەرتنامە توغرىسىدىكى مەيداننى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، شەرتنامىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تەن ئالدى. ئارقىدىنلا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى " جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى "ۋە بۇ شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنداق بىكار قىلىش، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىدىن دېرەك بېرەمتى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرەمتى؟

نۆۋەتتە كەلگەندە بىر جۈملە لىللا گەپ قىلىشقا رۇقسەت قىلىڭلار!

1945-يىلى8 -ئاينىڭ14 -كۈنى موسكۋادا،جۇڭگو، سوۋېتلەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان " جۇڭگو، سوۋېت، دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى"،يالغۇز تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تەۋەلىكى، مۇستەقىل بولۇش بولماسلىقى توغرىسىدىلا ئىمزالانغان شەرتنامە ئەمەس ئىدى،ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغىنى بەلكى شەرتنامىنىڭ ئەڭ يىركىنىشلىك بىر تەرىپى، مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە ئورنىدا خىتايغا قوشۇپ بېرىشنى ماقۇل كۆرگەنلىكى ئىدى.

خوش،1951 -يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى سابىق سوۋېتلەر دۆلىتىنىڭ يۇقىرىقى شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى، ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى تەن ئالغان ئىكەن ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى

ئېتراپ قىلغان ئىكەن ياكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمۇ شۇ چاغدا " جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى"نى بىكار قىلىشنى جاكارلىغان ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەر قانداق شەرتنامە مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاننى ئۇيغۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەكمۇ، -يوق.

ئاردىكى شەرتنامىنى سوۋېتلەر ۋە جۇڭگو گومىنداڭى ئوخشاشلا بىكار قىلغاندا، شەرتنامىنى ئىجرا قىلىش ۋە شەرتنامىغا ئەمەل قىلىش ئوخشاشلا مەۋجۇت بولمايدۇ.ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارار ماقۇللاپ،ئىقرا قىلماسلىقنى، شەرتنامىغا رىئايە قىلماسلىقنى تەن ئالدى دېگەن سۆز.دېمەك، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكى رەسمىيەت بېجىرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا سۈكۈنات ئىچىدە ئېتراپ قىلىندى دېگەنلىك بولامدۇ ؟

سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق1950 -يىلى2 -ئايدا ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ موسكىۋادا يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا يەنە بىر شەرتنامە ئىمزالىغان ئىدى.

4

لېكىن بۇ چاغدا جۇڭگونى سابىق سوۋېتلەردىن باشقا بىر دۆلەت ئېتراپ قىلمىغان ئىدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو بېرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتنىشالمىغان ئىدىغۇ؟ئۇنداقتا روسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسدا ئۇيغۇرىستان،مانجۇرىيە، دالىيەن پورتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ قانۇنلۇق چەكلەش كۈچى بولامدۇ، -يوق.

ئەسلى مەسلىگە قايتىپ كېلەيلۇق.

تەيۋەن مەمۇرى پالاتاسىنىڭ مەمۇرىيەت باشلىقى يۇخۇڭ جۇن 1955-يىلى تەيۋەننىڭ قانۇن چىقىرىش كومىتېتىغا مەمۇرىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە :" تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى دۆلىتىمىز ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانتى....دۆلىتىمىز، "جۇڭگو، سوۋېت، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى"نى بىكار قىلغاندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قوشۇلىدىغان شەرتلەرمۇ ئاللىقاچان مەۋجۇت بولماي قالدى" ،دېگەن ئىكەن.("دۇنياگېزىتى"،2002 -يىلى2 -ئاينىڭ25 -كۈنى)

خىتاينىڭ مەنتەقىسى بويىچە پىكىر قىلغاندا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا تىگىشلىك زۆرۈرىي شەرتلەر نېمە ئىدى؟تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولالمايدىغانلىقىغا تىگىشلىك شەرتلەرنىڭ ئەكس تەرىپى يەنە نېمدى؟ بۇ شەرتلەر بىكار قىلىنغان،مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇنداختا ئۇيغۇرستاننى خىتاي تېرتورىيىسىگە قوشۇپ بېرىشنىڭ، قوشۇپ ئېلىشنىڭ ھەر قانداق شەرتلىرىمۇ تۈگەشكەن بولىدىغۇ؟مەسلەن، خەلقئارا جەمئىيەت ياكى شۇ چاغدىكى چوڭ دۆلەتلەر ئۇيغۇرستاندا يېڭىلا قۇرۇلغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىپ خىتايغا قوشۇپ بېرىش بەدىلىگە، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ماقۇل دېگەنتى دېسەك، مەمۇرىيەت باشلىقى يۇقىرىدا" شەرتلەر مەۋجۇت ئەمەس "دېگەن گەپنى قىلىپتۇ. موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا شەرت قىلىنغان ئۇيغۇرستاندا قۇرۇلغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىشتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرستان ھازىرمۇ خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرۇۋېتىغۇ؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولىشىغا ئۇيغۇرستاندا قۇرۇلغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىشتىن باشقا ھېچ قانداق شەرت يوق ئىدى. لېكىن مەمۇرىيەت باشلىقى شەرتلەر بىكار قىنغان دەيدۇ.ئۇنداختا بىكار قىلىنغان يەنە قانداق شەرتلەر بار ئىدى؟

1945 -يىلى2 -ئاينىڭ11 -كۈندىن14 -كۈنگىچە يالتا يىغىنى

چاقىرىلدى.يالتا يىغىنىنىڭ روھى بويىچە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى مۇنقەرز قىلىندى، سېتىلدى.ئىنقىلاپمۇ قىلمىغان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشى ئېتىراپ قىلىندى.دىققەت قىلىڭ ئوقۇرمەنلىرىم، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار،گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جياڭ جىجوڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە سۆھبە ت قۇرۇشقا مەجبۇرلىنىپ 1946-يىلى1 -ئاينىڭ1 - 2-كۈنلىرى ئىككى ئوتتۇرىدا11 بېتىم ئىمزالىدى. ئۇرۇشتا غەلبە قىلغان ئۇيغۇر مىللىتى، مۇستەملىكە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان خىتاي مىللىتىگە تەسلىم بولدى.1946-يىلى1 -ئاينىڭ5 -كۈنى تاشقى مۇڭغۇلىيىدە رىفىرەندوم، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش يولىغا قويۇلدى، تاشقى موڭغۇلىيە خەلقى مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىلەت تاشلىدى. ھۆرمەتلىك ۋەتەندېشىم خەلقئارا ئىشلارنىڭ بېرلا ۋاقىتتا يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىڭىزمۇ؟!

**خىتاينىڭ باياناتى**

2002-يىلى3 -ئاينىڭ10 -كۈنى

جۇڭگۇ ھۆكۈمىتى بۈگۈن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىنى رەت قىلىپ، دالاي لامانىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بىزنىڭ سۆھبەت قۇرۇش نىيىتىمىز يوق، دەپ كۆرسەتتى.

خىتاينىڭ باياناتچىسى كۇڭ چۈەن:" دالاي لاما ئۇزۇندىن بېرى بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى،ئەگەر دالاي لاما جۇڭگۇ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى خالايدىكەن، تىبەت مۇستەقىللىقى ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىشنى توختۇتۇپ،تىبەت جۇڭگۇنىڭ بىر قىسمى،تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دېيىشى كېرەك"، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى كۇڭ چۈەن باياناتىدا:" ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ تىبەت ئىشلىرى بويىچە ئەمەلدارى پاكىتنى ئېنىق كۆرمىدى، جۇڭگۇ

هۆكۈمىتىنى قالايمىقان تەنقىدلىگەندە باشقا مەقسەتكە ئىگە ئىدى"، دەپ كۆرسەتتى.
ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى هۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ئىشلىرى ئەمەلدارى دوبرىۋۋسكى خانىم،7-كۈنى دۆلەت مەجلىسىدە، جۇڭگۇنىڭ دالاي لامانىڭ سۆهبەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆهبەت قۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى تىبەتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روهىنىي يۇقىرى كۆتۈرىدىغان خەتەرلىك هەرىكەت،دەپ كۆرسەتكەن.

## " تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى"

2002-يىلى4 -ئاينىڭ10 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا "تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى "تۈزۈلگەنلىكىنىڭ 23يىللىقىنى خاتىرلەش كۈنىدە،دۆلەت مەجلىسىدە يەنە " تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى "قۇرۇلدى.ئامېرىكىنىڭ ۋە تەيۋەننىڭ پارلامېنت ئەزالىرى" دوستلۇق ۋە هەمكارلىق" باياناتىغا ئورتاق ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ ئىقتىساد ۋە ستىراتېگىيىلىك هەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى،
نۆۋەتتە ئىككى پارتىيە جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە دېمۇكراتلار پارتىيىسى ئەزالىرىدىن ۋە مۇستەقىل زاتلاردىن بولۇپ جەمئى 85 نەپەر كىشى" تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى"غا ئەزا بولۇشقا تىزىملاتتى.
بۈگۈن قۇرۇلغان" تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى "نىڭ4 نەپەر ئورتاق رەئىسى تەيۋەننىڭ دېمۇكراتىك تۈزۈمىنى ياقىلىدى.ئۇلار :" دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان" تەيۋەن ئىشلىرى كومىتېتى"نىڭ، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، تەيۋەننىڭ خەلقئارا سەهىيە تەشكىلاتىغا ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇپ كىرىش تىرىشچانلىقىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.
"تە يۋەن ئىشلىرى كومىتېتى"نىڭ ئەزاسى، ئاۋام پالاتاسى تاشقى

مۇناسۋەتلەر كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى جېرمەن ئەپەندى:"تەيۋەن كومىتېتىنىڭ تىزلىك بىلەن قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، ئىككى قىرغاق رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ سۆھبەت قۇرۇشىغا تەكلىپ قىلىپ،ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپلىرىنى تىنچ يول بىلەن ھە ل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ كۆرسەتتى.

**ۋاشىنگتوندا**

2002-يىلى4 -ئاينىڭ12 -كۈنى

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۈگۈن پىرېزىدېنت بوشقا ۋاه ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، :مۇئاۋىن رەئىس خۇجىنتاۋ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، پىرېزىدېنت بوشنىڭ خۇجىنتاۋغا بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى : ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى ھەر ساھە ئەربابلارغا، بېجىڭغا زىيارەتكە بارغاندا، بېيجىڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىۋار بېرىشكە، سىياسى مەھبۇسلارنى، دىنى ئېتىقاد جىنايەتچىلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان" جۇڭگۇ ئىشلىرى كومىتېتى "بۈگۈن گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە،" ئۇمۇمى كەچۇرۇم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى،ت كومار ئەپەندى،" دېئالوگ فوندى جەمئىيتى"نىڭ مۇدىرى جۇن كام ئەپەندى قاتارلىقلار بېرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى خېرسىن ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىقى مۇراجىئەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ كىشىلەر مۇشۇ ھەپتە ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىگە 6000 نەپەر سىياسى ۋە دىنى ئېتىقاد جىنايەتچىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرۇپ،

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپتىن سۈرۈشتە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ت كومار ئەپەندى،تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ خەلقئارالىق پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ" شىنجا ڭ"دا ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق باستۇرۇشنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلدى ۋە تەلەپ قىلدى. ت كومار ئەپەندى ھەمدە پىرىېزىدېنت بوشقا ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىش مەزگىلىدە "شىنجاڭ" لىق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ("دۇنياگېزىتى)"

**رابىيە قادىر**

2002-يىلى4 -ئاينىڭ 30 -كۈنى

جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋ، ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلگەندە،4-ئاينىڭ25 -كۈنى نىيۇ يورك شەھرىگە چۈشتى. شۇ كۈنى رابىيە قا دىر سودا شىركىتىنىڭ كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكىرىمنى، خىتاي ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

قەھرىمان ئابدۇ كىرىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ھەرىكىتى خۇجىنتاۋ ئەپەندىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە تاپشۇرغان دېلوسىمۇ ياكى خۇجىنتا ۋ ئەپەندىنىڭ پىرىېزىدېنت بوشقا تاپشۇرغان سەممى ئىپادىسىمۇ؟ ئۇلانبايدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسىگە قامالغان قەھرىمان ئابدۇكىرىم، بىر يىلدىن كېيىن قۇمۇل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەپ كېتىلگەن.

**رەئىس خۇ جىنتاۋ**

2002-يىلى5 -ئاينىڭ1 -كۈنى

مۇئاۋىن رەئىس خۇجىنتاۋ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تەيۋەن

مەسلىسىنى تىلغا ئېلىپ ھەدەپ ۋاتىلداپ سۆزلەپ كەتتى.كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسى بويىچە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى سىياسى مەھبۇسلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا تەييارلانغان ھۆججەتنى خۇجىنتاۋغا سۇنغاندا، قۇبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۆرۈشۈشكە قاتناشقان دۆلەت مەجلىسىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنى رەنجىتىپ قويدى. ئۇلار ئىنتايىن نارازى بولدى.خۇجىنتاۋنىڭ بۇ قىلمىشى دېپلوماتىك رەسمىيەتچىلىككە تازا ماسلاشمىدى دېيىشتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋام پالاتا ئەزالىرى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى خۇجىنتاۋ بىلەن ئايرىم -ئايرىم ھالدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى.كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى تام دېشىل ئەپەندى : جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ، كۆرسەتتى.

نەنسى فىلوسى خانىم،دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئامېرىكىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رەھمەت ئېيتتى.

دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسلىلىرى بويىچە تەييارلىغان بىر نەچچە پارچە ھۆججەتنى جۈملىدىن تىبەت مەسلىسى توغرىسىدا، سىياسى مەھبۇس شۈۋېنلى توغرىسىدا، سىياسى مەھبۇس رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەييارلىغان ھۆججەتلەرنى دەگلىگەندە خۇجىنتاۋ قۇبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.ئەتراپتىكىلەر پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى نەنسى فىلوسى خانىم.

گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى : ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى رەت قىلغانلىقىدىن نارازى بولغانلىقىنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ بۇ ئىشنى ئەبەدى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن.

**ئامېرىكا**

-2002 يىلى5-ئاينىڭ7 -كۈنى

ئامېرىكا فېدېراتسىيىلىك خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىك كومىتېتى بۈگۈن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ يىللىق دوكلات ئېلان قىلدى. دوكلاتتا :جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىندىن بېرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى دەپ، كۆرسەتتى. دىنى ئېتىقاد كومىتېتى مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ :بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىك تەلەپلىرىنى باستۇرۇشنى توختىتىشى كېرەك. شىمالى كورىيە مۇساپىرلىرىغا مۇساپىرلىق سا لاھىيىتى بېرىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرى لاندېر ئەپەندى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا : بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، تىبەت بۇددا دىنى، ئۇيغۇر ئىسلام دىنى پالۇڭگۇڭ قاتارلىق دىنلارنىڭ مۇرىتلىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى دەپ، كۆرسەتتى.

لەندېر ئەپەندى مۇراجىئەت قىلىپ :بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىشى، كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت يېتىشتۈرۈشى لازىم دەپ، كۆرسەتتى.

فېدېراتسىيىلىك خەلقئارا دىنى ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ياڭگېر ئەپەندى: رابىيە قادىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېرىگە ئۇيغۇرىستاندا "شىنجاڭ"دا نەشىر قىلىنىدىغان گېزىتلەرنى يوللاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، خىتاينىڭ نەزىرىدە جىنايەتچى بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

**دالاي لاما**

-2002يلى-5 ئاينىڭ-29 كۈنى

دالاي لاما :يېقىندىن بېرى تىبەتلىكلەر بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرۇشۇشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى، جۇڭگو رەھبەرلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى دەپ، كۆرسەتتى.

ئاۋستىرالىيە تېلېۋىزىيە ئىستەنسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان دالاي لاما 1993 :-يىلىدىن كېيىن جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن رەسمى ئۇچرۇرۇشۇپ باقمىدىم.يېقىندا بىر قىسىم جۇڭگو سودىگەرلىرى ۋە بىر قىسىم جۇڭگو زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچراشتىم.

دالاي لاما : جۇڭگو ئۆزگەرمەكتە، جۇڭگو رەھبەرلىرى ئۆزگەرمەكتە، زىيالىيلارنىڭ ئۆكز قاراشلىرىمۇ، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ ئۆزگەرمەكتە، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما : ئەگەر تىبەتنىڭ نېگىزلىك ئەھۋالدا نېگىزلىك ئۆزگىرىش بولىدىكەن، جۇڭگو تىبەت مەسلىسگە جىددى قاراشنى خالايدىكەن، مەن تىبەتكە قايتىمەن، قېرىپ قالدىم دېگەن ئىدىم.تىبەت سەرگەردانلىرى سىياسى رەھبىرىنى سايلاپ چىقتى. ياشلار ۋارىس بولۇپ يېتىلدى. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاخىرلاشتى، شۇڭا تىبەتكە قايتىپ تۆھپە قوشۇشۇم لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما : تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ناتايىن، تىبەتلىكلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش بىلەن ئوتتۇرا يولدا مېڭىشنى تاللايدۇ، بارلىق تىبەتلەرنىڭ ئۆز -ئۆزىنى باشقۇرۇشى ھەر گىز تىبەتتىكى تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆزىنى -ئۆزى باشقۇرۇشى بىلەن چەكلەنمەيدۇ،دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما : تىبەتلەر 6مىلىيون نوپۇسقا ئىگە. ئىككى مىليون تىبەتلىك تىبەتتە ياشايدۇ، كۆپ قىسىم تىبەتلىكلەر تىبەتنىڭ ئىچىدە ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما كەلتۈرگەن سەۋەبلەرگە ئاساسلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتلەر توغرىسىدا بىر قارار چىقىرىشى

مۇمكىنمىدۇ؟

**"خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى**

-2002يىلى-5 ئاينىڭ30 -كۈنى

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ :ئۆتكەن بىر يىلدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپەيدى. جۇڭگودا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ سانى دۇنيادا بارلىق دۆلەتلەردە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئومۇمى ساندىن ئېشىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى فالۇنگۇڭچىلارنى، تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بۈگۈن ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلار كلۇبىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈپ ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ،" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ 152دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدا تەييارلىغان يىللىق دوكلاتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. بۇ تەشكىلات مۇخبىرلارنى كۈتۈپ ئېلىش يىغىنىدا : بەنچەن لاما ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ ئىز -دېرىكى توغرىسىدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەمدە "شىنجاڭ"لىق ئۇيغۇرىستانلىق باي ئۇيغۇر سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

يىللىق دوكلاتتا : ئۆتكەن يىلى جۇڭگو قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، خروين ئەتكەسچىلىكى، پارا ئېلىش، باج تۆلىمەسلىك قاتارلىق غەيرى زوراۋانلىق قىلغۇچى جىنايەتچىلەرگىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى. نۆۋەتتە ئېرىشكەن چەكلىك كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلى جۇڭگودا 4015نەپەر كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. 2468 نەپەر كىشى ئېتىپ

تاشلاندى، ئەمەلى سان بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ كۆرستىلدى.
دوكلاتتا" : شىنجاڭ "ئۇيغۇرستان، تىبەتتە سۆز -مەتبۇئات ئەركىنلىكى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى داۋاملىق چەكلەندى، جۇڭگۇ هۆكۇمىتى تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باهانە قىلىپ مىللى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى باستۇرۇپ، مىللى بۆلگۈنچى دەپ" قارىلىنىپ"، نۇرغۇن كىشلەر قاماققا ئېلىندى، ئېتىپ تاشلاندى، فا لۇنگۇڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ 200دىن ئارتۇق ئەزاسى تۈرمىلەردە خورلاندى، قاتتىق قىيناشتىن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ كۆرستىلدى.
" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ت كومار ئەپەندى،" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى تىبەتنىڭ كىشىلىك هوقۇق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدۇ، تىبەتتە كىشىلىك هوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى نۆۋەتتە تەساۋۇردىن ئالقىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.
" ئۇمۇمى كەچۈرۈم" كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ دەرهال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇ، دەپ كۆرسەتتى.،ت. كومار ئەپەندى.

## "ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى"

2002-يىلى6 -ئاينىڭ23 -كۈنى

بۇ گېزىت،مۇشۇ ئاينىڭ21 -كۈنى ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دوكلاتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ :جۇڭگو، ئاپغانىستان تالىبانلىرىنى، ئەلقائىدە تېرورىست تەشكىلاتلىرىنى هەربى تەلىم -تەربىيىدە چېنىقتۇردى،دەپ كۆرسەتتى.
نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى زادى قانچىلىك؟ ئامېرىكا ئارمىيىسى ئاپغانىستانغا كىرىپ بولغىنى نەۋاخ !ئامېرىكا ئارمىيىسى تۇرغان يەردە جۇڭگونىڭ هەربى ئادەملىرىنىڭ ئاپغانىستانغا كىرىپ

تالىبانلارنى ھەربى جەھەتتە تەربىيلىشى ئەقىلغا سىغمايدىغان گەپمۇ،-بۇ؟
خەۋەرلەرگە.ئاساسلانغان ۋە شۇ خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن تەرەپ، تالىبانلارغا قارشى كۈچ ھېسابلانغان شىمالى بىرلىك كۈچلىرى ئىكەن.
ئامېرىكىنىڭ ھەربى ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى بۇ گەپلەردىن ھەيران قالغان ئىمىش. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدە جۇڭگودا ئىسلام كۈچلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ (ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك ) بەلكى بۇ ئىسلام كۈچلىرى ئافغانىستاندا ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ تەربىيەلىشىگە ئېرىشكەن.
بۇنىڭغا ئالاقىدار ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، مۇخبىرلارغا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو، "11سىنتەبىر ۋەقەسى" دىن بۇرۇن، پاكىستاننىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەلقائىدە تەشكىلاتىنى تەربىيەلىگەن،دېيىلگەن. مۇنداق دوكلات پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىتايپەرەست كۈچلەرگە پايدىسىز بولاتتى.

**تىبەت**

2002-يىلى7 -ئاينىڭ1 -كۈنى

تىبەتنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى دالاي لامانىڭ ئاكىسى لودى گېرەي،1 -كۈنى شاڭگاڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىپ، ئۈچ ھەپتىلىك زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. ئۇ5 يىل بۇرۇن ئايرىلغان تىبەتنى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى زىيارەت قىلىدۇ.
"ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ تىبەت بۆلۈمى مۇۋنداق كۆرسەتتى : لودى گېرەي ئاۋۋال بېيجىڭدە جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئاندىن تىبەتنى، چىڭخەينى، "شىنجاڭ "ئۇيغۇرىستاننى زىيارەت قىلىدۇ.تىبەتنىڭ لىخاسا شەھرىدە9 كۈن زىيارەتتە بولىدۇ، بۇ سەپەر، 1952-يىلدىن بۇگۈنگىچە، لودى گېرەينىڭ تۇنجى قېتىم تىبەتنى زىيارەت قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.1950 -يىلدىن ھېسابلىغاندا لودى

گېرەي، تۈنجى قېتىم چىگىخەي ئۆلكىسىنىڭ ئەندۇ ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ۋە ئۇرۇغ -تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋە يوقلىغان بولىدۇ.

1959 -يىلى دالاي لاما قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ھىندىستان ۋە نېپالغا قېچىپ بېرىپ، كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىگىزلىك دارامسالادا تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەن. شۇ چاغلاردا دالاي لامانىڭ ئاكىسى لودى گېرەي ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن دالاي لامانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 20-ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان يىللاردا تىبەتنى قوللاش پائالىيەتلىرىنى توختاتقان. جۇڭگودا ئىسلاھاتچىلىق سىياستى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، لودى گېرەي دالاي لاما بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى كىشى بولۇپ قالدى. لودى گېرەي1979 -يىلى بېيجىڭدە دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. لېكىن تىبەتكە بارمىغان ئىدى.

**باش ئەلچى**

2002-يىلى7 -ئاينىڭ31 -كۈنى

ختاي جامائەت خەۋىسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ سىياسى كومىسسارى، جا چۈنۋاڭ" شىنجاڭ"دا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە،" شىنجاڭ "دۆچ كەلگەن مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئەترالىق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك، دېدى.

16-قورۇلتاي چاقىرىش ئالدىدا تۇرغاندا ختاينىڭ مەركىزى كومىتېتى،"شىنجاڭ"دا مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارى كۆرەشنى كۈچەيتىش،

شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.
جا چۈنۋاڭ،7 -ئاينىڭ24 -كۈندىن29 -كۈنگىچە" شىنجاڭ"غا خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.ج چۈنۋاڭ،": خەلقئارا ۋەزىيەت چۇڭقۇر،مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىر، ساقچىلار، قوراللىق ساقچى قىسىملار ۋەزىيەتنى تونۇپ مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، لازىم، خىزمەتلەرنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا،"شىنجاڭ "جامائەت خەۋسىزلىكى نازارىتى،29 - كۈنى مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنى ئۇمۇمى يۈزلۈك،ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئۈرۈمچى -ئىلى تاش يولى،ئۈرۈمچى- ئالتاي تاش يولى؛ كۈيتۇن- ئالتاي تاش يولى ؛ ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش يولى بويىلىرى قاتارلىق يوللارغا قوراللىق ساقچى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 16 - قورۇلتاينىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.
نېمىشقا شۇنداق تەلەپ قىلدى، ساقچىلارنى نېمىشقا شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى؟ ئارىلىقتا ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىنى زىيارەت قىلدى.
ختاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكى يوغىناپ كەتتى، دەپ قارىدى بولغاي،ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە يۈرىكى يوغىناپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەقە سادىر قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ختاي مۇستەملىكىچىلىرى، جاچۈنۋاڭنى خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسى ئۈرۈمچى شەھرىنى زىيارەت قىلغاندا ئەسلىدە رابىيە قادىر مەسلىسىگە ئائىت ئۈرۈمچى شەھرىنى زىيارەت قىلغان ئىدى.

**تەيۋەن**

2002--يىلى8 -ئاينىڭ5 -كۈنى

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن 8-ئاينىڭ3 -كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ :تە يۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى، "ئۇ تەرەپ بىر دۆلەت، بۇ تەرەپ بىر دۆلەت نەزەرىيىسى"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىش" نى تەشەببۇس قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى : ۋاشىنگتوننىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى؛ "شاڭخەي ئاخباراتى "غا ئاساسلانغاندا ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياستى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي،1999 -يىلى تە يۋەن توغرىسىدا" ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىشتىن ئاۋۋال ئامېرىكا تەرەپكە ئۇختۇرۇپ قويمىغانلىقتىن ۋاشىنگتون خاپا بولۇپ كەتكەن. دىققەت قىلىدىغان بىر تەرەپ شۇكى،ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، "شاڭخەي ئاخباراتى "نىڭ بىر ئابزاسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ : تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشايدىغان بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەيدىغانلا بولسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق سىياسى مەيدانغا باشقىچە ئۆز قاراشتا بولمايدۇ، ئامېرىكا، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىر ئابزاسنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

ئەمدى بۈگۈن تەيۋەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس پەقەت بىر تەرەپ يەنى جۇڭگو، پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دىدى. ئەمما تەيۋەنلىكلەر، " تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى "بىر تەرەپ بىر دۆلەت" دەيدىغان مەسىلىدۇر، تەيۋەن باشقىلارنىڭ ئۆلكىسى ئەمەس " دىدى. قارىغاندا" شاڭخەي ئاخباراتى"نىڭ مەزمۇنى پۈچەكلەشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىندا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ شەرقى

ئاسيا ئىشلىرى ئەمەلدارى : ئامېرىكىنىڭ مەيدانى ئېنىق، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىختىلاپلارنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار يەنە : ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل : پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بىر جۇڭگو سىياستىمىز جۇملىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى قول قويغان،" شاڭخەي ئاخباراتى"، ھەمدە" تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى "نى قوللايدۇ. ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياستىنى ۋاشىنگتۇننىڭ ئۆزگەرتىش نىيتى يوق، دېدى دەپ، كۆرسەتتى.

تەۋەننىڭ سابىق پىرېزىدېنتى لى دىڭخۇي،1999 -يىلى تەيۋەندە، "ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى"نى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققاندا، ۋاشىنگتۇن ئىشتىن ئاۋۋال بۇنداق نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

**جىددى خەۋەر**

2013-يىلى12 -ئاينىڭ2 -كۈنى

رابىيە قادىر خانىم، ئىشخانىسىدا روسىيە فېدېراتسىيىسى تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

2013-يىلى 12-ئاينىڭ3 -كۈنى مەخسۇس ياپۇنىيەدىن يېتىپ كەلگەن،" بەختنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پارتىيىسى" نىڭ باشلىقى رياكو شاكۇ خانىمنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. "مەخسۇس ياپۇنىيەدىن كەلگەن "دېگەن جۈملىنى ئىشلىتىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇقىرىقى پارتىيىنىڭ باشلىقى رياكۇ شاكۇ خانىم ئۆزى بىلەن بىللە تۆت نەپەر مۇخبىرنى ئەگەشتۈرۈپ توكيودىن نىۋ يوركقا كېلىپ نىۋ يوركتىن ۋاشىنگتۇنغا رابىيە قادىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، رابىيە قادىرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، تولۇق ئۈچ سائەت رابىيە قادىرنى زىيارەت قىلىپ يەنە شۇ كۈنى نىۋ يوركقا قايتىپ كەلگەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ياپۇنىيىگە توكيوغا قايتىپ كەتتى. ريا كۇ شاكو خانىم بىللە ئېلىپ كەلگەن مۇخبىرلار رابىيە خانىمنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن

-بزگە ئېيتدىغان نېمە گەپلىرىڭ بار ؟ ياپۇنىيە ھۆكۈمىتىگە قانداق تەلەپلىرىڭ بار؟ دەپ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

رابىيە قادىر خانىم- ياپۇنىيىدە توكيودا بىر ئىشخانە، ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىشخانە ئاچاي دەيمەن. پۇلۇم يوق. ياپۇنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئىشخانە ئېچىپ بېرىشىنى، ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان كىشىگە بىر كىشىلىك مۇئاش بەلگىلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

رابىيە قدىر خانىم- ياپۇنىيە خەلقى مېنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىمنى ئوبدان قوللىدى، سىياسى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىمگە ياپۇنىيە خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى ئوبدان سورۇن ھازىرلاپ بەردى. بىراق، ياپۇنىيە ھۆكۈمىتى تازا دېگۈدەك تەشەببۇسكار ۋە جانلىق، تېتىك بولالمىدى ئېھتىمال بۇ تاشقى سىياسەتنىڭ،جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرىدا دېپلوماتىك ئىلىششلار جەريانىدا چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغانلىقىدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك.

2013-يىلى12 -ئاينىڭ6 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى " تام لەنتوس كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى"نىڭ تېخى يېقىندىلا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى ھىلارى كىلىنتۇن خانىمغا،" تام لەنتوس كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى " بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئايرىم ئەزالىرى، دېپلوماتىيە خادىملىرى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بولۇپ جەمئى 500نەپەر كىشى قاتناشتى.

ھىلارى كىلىنتۇن خانىمنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمغا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.رابىيە قادىر خانىم ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشىغا نايىل بولدى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

"تام لەنتۇس كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى"غا ئېرىشكەن، سابىق

دۆلەت ئىشلار كاتىپى ھىلارى كلىنتۇن خانىم، مىننەتدارلىق ئۇتقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. رابىيە قا دىر خانىمنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەم رابىيە قادىرنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رابىيە قادىر خانىم، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 2013-يىللىق " تام لەنتوس كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى" نى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، مۇكاپات ساھىبى ھىلارى كلىنتۇن خانىمنىڭ كۆرۈشۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئامېرىكا ئەركىنلىك ئۆيىنىڭ باشلىقى كاترىنا خانىم، مۇكاپات ساھىبى ھىلاررى كلىنتۇننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن،" ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى، ھېچ قانداق يەردىن ئىقتسادى ياردەم بولمىسىمۇ دۇنياۋى كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رابىيە قادىر خانىممۇ ئارىمىزدا" ، دەپ رابىيە قادىر خانىمنى تونۇشتۇردى. كەيىندىنلا رابىيە قادىر خانىمنى ئورنىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، رابىيە قادىر خانىم ئورنىدىن تۇرغىنىدا پۈتۈن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى.

مەن" ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە ؟ "ماۋزۇلۇق كىتابىمنىڭ3 -تومىنى نەشرگە تەييارلاۋاتقان ئىدىم.2013 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىقى ئۈچ ئۈچ ھادىسە ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك يۈ بەردى.

1) دېگۈدەك، روسىيە فېدېراتسىيىسى تېلېۋىزىيە، رادىئو ئىستەنزىسى مۇخبىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىمنى زىيارەت قىلىشقا ۋاقىت ئاجراتقانلىقى مېنى ناھايىتى چوڭقۇر خىياللارغا، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۆتمۈشىگە تەساۋۇر بىلەن يېتەكلەپ كەتتى. رابىيە قادىر خانىم خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ 8 يىل بولغىچە روسىيە فېدېراتسىيىسى تەرەپتىن

ياكى بىر نەپەر مۇخبىر ياكى بىر نەپەر ئىلىم ئادىمى ياكى تارىخشۇناس رابىيە قىددىرنى ئىزدەپ كېلىپ سالاملاشقان ئەمەس ئىدى. ئىلى ۋەقەسى، ئۈرۈمچى نامايىشى قاتارلىق ۋەقە، نامايىشلار يۈز بەرگەندە، مەتبۇئات ۋە تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ مەتبۇئاتلىرى خىتايلارغا يان بېسىپ، خىتاينى رەنجىتىپ قويماسلىق مەيدانىدا تۇرۇپ خەۋەرلەر تارقاتقان. بۈگۈن، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ مۇخبىرلىرى تۇيۇقسىز رابىيە قادىرنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولغاندا روسىيىلىكلەرنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى مېنى ھەيران قالدۇردى........19-- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 50 يىل ئىچىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى چار روسىيىنىڭ ۋە سابىق سوۋېت رەھبەرلىرى ستالىنىنىڭ قولى بىلەن مۇنقەرىز قىلىنىپ ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ھالاك بولغان. شۇڭا مەن روسىيە مۇخبىرلىرىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

2) ياپونىيىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان" بەختىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پارتىيىسى"نىڭ باشلىقى رىيا كۇ شاكۇ خانىمىنىڭ 8مىڭ دوللارغا تۆت نەپەر كىشىگە بېرىپ كېلىش ئايروپىلان بىلىتى ئېلىپ، ۋاشىنگتونغا كېلىپ ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىمنى ئىككى سائەت زىيارەت قىلىپ يەنە شۇ كۈنلۈك ئايروپىلاندا توكيوغا قايتىپ كەتكەنلىكى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى، تېخىمۇ ئەجەپلەندىم.چۈنكى، مەن ئۇيغۇرغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ شۇنداق يۈز بېرىشىنى، ئىشلارنىڭ شۇنداق يېتىپ كېلىشىنى ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن شۇنداق تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدىم. يۇقىرىقىلارغۇ شۇنداق ئاخىرلاشتى ئەمدى تۆۋەندىكى بىر ھادىسىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ ئوقۇرمەنلىرىم.

3) مېنىڭ رابىيە خېنىم، ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر2005 -يىلى3 -ئاينىڭ17 -كۈنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، خىتاينىڭ ئامېرىكىغا،دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئاشكارە ۋە

يوشۇرۇن جاسۇسلىرى تور بېتىگە چىقىۋېلىپ، رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزى بىر ئائىلە كىشىلىرىنى خالىغانچە ھاقارەت قىلدى. خالىغانچە تۆھمەت قىلدى ۋە ئامېرىكا سىياسىئونلىرىغا خالىغانچە چاقتى -چېقىشتۇردى.

ئاخىرى 2013-يىلى7 -ئايغا كەگەندە ئامېرىكىنىڭ " خەلقئارا دېمۇكراتىيە فوندى "جەمئىيىتى رابىيە قادىرنىڭ" ئۇيغۇر دېمۇكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق فوندى " جەمئىيىتى "گە بېرىۋاتقان 250مىڭ دوللار قىممىتىدە پائالىيەت راس خوتىنى توختىتىشقا چېقىمچىلىق قىلىپ غەلبە قىلدى.رابىيە قادىر پائالىيەت قىلىشى كېرەك ئىدى، رابىيە قادىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلتى ئېلىشى كېرەك ئىدى.پۇل يوق... پۇل يوق..... ئايروپىلان بىلەت ئېلىشلا ئەمەس قورساققا يەيدىغان ئىشتىمۇ باللىرىمىزنىڭ قولىغا قاراپ قالدۇق.......

دەل شۇنداق پەيتتە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى ھىلارى كىلىنتونىنىڭ، دۆلەت مەجلىسدە ھىلارى كىلىنتون خانىمغا مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمدا رابىيە قادىر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكى ئۇيغۇر خەلقىگە زور مەدەت بولدى. ھىلارى كىلىنتون خانىمنىڭ رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە 20مىليون ئۇيغۇر خەلقىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئىدى.

**رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسى ۋە ئۇيغۇرنىڭ سىياسى مەسلىسى**

2002-يىلى8 -ئاينىڭ23 -كۈنى

بەزى ئىشلار نېمىشقا بۇنداق بىر -بىرىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ؟ رابىيە قادىرنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسلىسى ۋە سىياسى مەسلىسى ئۇيغۇرنىڭ سىياسى مەسلىسى ۋە كىشلىك ھوقۇق مەسلىسى بولۇپ خەلقئارا سىياسى سەھنىگە چىققاندا، ختاينىڭ بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە قارشى تەشۋىق تەرغىباتى ۋە ئۇيغۇر

مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قارشى سىياستىمۇ خەلقئارا سەھنىگە چىقتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى نۆۋەتتە خەلقئارا سەھنىگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇلىرىغا قارشى تۇرۇش سىياستى، دىپلوماتىك سىياسەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇشى، ئۇيغۇرنىڭ ئېتنىك مىللەتلىك، مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق مىللەتلىك ئورنىنى خەلقئارا سىياسى سەھنىدە تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۇردى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىم، بېيجىڭدە ئۇيغۇرنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلگەندە، رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا،2002 -يىلى8 -ئاينىڭ21 -كۈنى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك" نىۋ يورك ۋاقىت گېزىتى" ماقالە ئېلان قىلدى.

چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى،ئۆزىگە يار يۆلەك بولغۇچى، تارىختا ۋە ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە يار يۆلەك بولغۇچى روسىيىنىڭ نۆۋەتتىكى پىرېزىدېنتى، جۇرۇڭجىدىن ھال سوراشقا بېيجىڭغا ئەۋەتكەن روسىيىنىڭ ۋەزىرىنى يېنىغا تارتىپ، تارىخى تۇيغۇلارغا چۈمۈلۈپ تۇرۇپ، رېيال ئازاپلار ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ تۇرۇپ، 8-ئاينىڭ22 -كۈنى شاڭخەيدە روسىيىنىڭ ۋەزىرى كاشيانوپ بىلەن كۆرۈشتى.

خىتاينىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ۋەزىرى كاشيانوپ ئىككى دۆلەت ۋەزىرلىرىنىڭ قەرەللىك،7 - نۆۋەتلىك ئۇچرۇشۇشنى ئۆتكۈزدى.

ئىككى تەرەپ : تېرورىزىمغا قارشى خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىك مەسلىيلەر بويىچە جۇڭگو بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى "ئىناق خوشنىدارچىلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى"نى ئاكتىپ

ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسى، سودا، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت ساھەلىردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش بويىچە ئۆز ئارا ھۆججەت ئالماشتۇرۇپ بېردەك ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ۋەزىرى كاشىيانوپ بىلەن خىتاينىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى بىرلەشمە ئاخباراتقا ئىمزا قويۇپ، ئاخباراتتا ئىككى تەرەپ: ئىككى تەرەپ ھەر قايسى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى ساقلاش ۋە قوغداش تىرىشچانلىقىنى ئۆز ئارا داۋاملىق قوللايدۇ، دەپ قايتا بىر تەكىتلىدى. بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇرستاننى خىتايغا روسىيە - ستالىن قوشۇپ بەرگەن، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى روسىيە، خىتاي بىلەن بىللە ئورتاق قوغدايدۇ.

دېگەنلىكمۇ، -بۇ ياكى..... ئاخباراتتا روسىيە تەرەپ : جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن تىبەت مەسلىسى بويىچە پىرىنسىپلىق مەيدانىنى ۋە مۇستەقىل ئۇيغۇرستان كۈچلىرىگە تېرورىست بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقى ۋە مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى قايتا بىر تەكىتلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئاخباراتتا : روسىيە تەرەپنىڭ چېچېنىستان تېرورىستلىرى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىككى دۆلەت ۋەزىرلىرى : تېرورىزىم پۈتكۈل خەلقئارا دۇچ كەلگەن ئورتاق تەھدىت. بۇ ئۇمۇمى ئاپەتكە زەربە بېرىش جەريانىدا خەلقئارا قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

تېرورىزىمغا قارشى تۇرغاندا قوش ئۆلچەم قوللانماسلىق كېرەك( بۇ يەردە ئىككى دۆلەت سۆز ئىبارىلىرىنىڭ تېگ ئۇچىنى كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ئۇيغۇرلارنى قوللاۋاتقان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا قاراتتى ) تېرورىزىمنى ئالاھىدە مىللەت ياكى ئالاھىدە دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ

قارىماسلىق كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى تېرورىزىمغا قارشى خەلقئارا ھەرىكەتتە يادىرولۇق ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قولىغا چىقىۋېدى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى كونا دوستى روسىيە فېدېراتسىيەسىنى يېنىغا تارتىپ، ئۆز ئارا جىددىلىشىپ ئۆلتۈرالماي قالدى. تاقابىل تۇرماقچى بولدى، دۆلەتلەر ئارا دېپلوماتىيە جېڭى باشلاندى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە خەلقئارا سىياسى سەھنىدە روسىيە فېراتسىيەسى بىلەن خىتاينىڭ ھەمكارلىقى، دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى قانداق رول ئوينايدۇ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە خەلقئارا سىياسەت سەھنىسىدە .ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى يەنە قانداق رول ئوينايدۇ، ئاللاھ ئۆمرىمىزنى بەرسە، ھاياتلا بولساق باشلىنىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرىمىز ۋەتەنداشلىرىم !

ئاللاھ، بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكىغا يەنىمۇ كۆپلەپ كۈچ ئاتا قىل!

**دالاي لاما**

2002-يىلى9 -ئاينىڭ10 -كۈنى

دالاي لاما تەيىنلىگەن تىبەتنىڭ بىر گۇرۇپپا سىياسى سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 9-ئاينىڭ-9 كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. 1993-يىلى تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو دائىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت يولى ئۈزۈلۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئىككى تەرەپنىڭ يەنە قايتا سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان زىيارەت دەپ ھېسابلاندى.

دالاي لامانىڭ ئىشخانىسى 9-ئاينىڭ9 -كۈنى 1997-يىلدىن باشلاپ تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭنى-4

5قېتىم زىيارەت قىلدى، لېكىن زىيارەتنىڭ دەرىجىسى بۇ قېتىمقى زىيارەتتەك رەسمى بولمىغانتى دەپ، كۆرسەتتى.
ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى بۈگۈن دالاي لامانىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىدىن مەمنۇن بولدى. باياناتچى رېچارد بېروشىر ئەپەندى، ئامېرىكا دالاي لامانىڭ ۋەكىلىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىدىن مەمنۇن بولدى. پىرېزىدېنت بوش بىلەن دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە باشقا جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە تىبەت بىلەن جۇڭگو سۆھبىتىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇھاكىمە قىلغانتى دەپ، كۆرسەتتى.
يېقىندىن بېرى بېيجىڭ تىبەت ئىشلىرى بويىچە ئارقىمۇ-ئارقا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. تۆت نەپەر تىبەتلىكنى ئارقا-ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بەردى، دالاي لامانىڭ قېرىندىشى لودى گېرەي بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ كەلدى، چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ تىبەتنى زىيارەت قىلىشىغا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى روخسەت قىلدى.ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى8-ئايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تىبەتنى زىيارەت قىلدى.

### ئامېرىكا مۇتەخەسسىلىرى

2002-يىلى9-ئاينىڭ13-كۈنى

ئامېرىكا مۇتەخەسسىلىرى، جۇڭگو تەرەپنىڭ بۈگۈنلەردە تىبەتنىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرىنى بېيجىڭغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىشى 10-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پىرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭزېمىن سۆھبىتىدىن بۇرۇن جۇڭگو تەرەپنىڭ تۇۋاقنى يېپىۋېلىشى بولسا كېرەك،دەپ كۆرسەتتى.
تىبەت ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسلەر : نېگىزلىك تۈگۈنلەر بويىچە ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىنى يورغىلاتقانلىقتىن تىبەتنىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى ئىنتايىن قىيىن سۆھبەت ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىدۇ، دەپ

كۆرسەتتى.

تەيۋەندە نەشر قىلىنىدىغان" جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى"،" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ خەۋەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ":جۇڭگونىڭ تىبەت مەسلىسى بويىچە مەيداننى بوشاشتۇرغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن كۆرۈلگەن ئىدى"، دەپ كۆرسەتتى.1 -ئايدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىبەت مەسلىسى توغرىسىدا غەيرى نورمال بىر مەيدان يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا تىبەت ئىشلىرىغا مەسئۇل جۇڭگو ئەمەلدارلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ھەممە بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى ئاخبارات ساھەسىگە ئاشكارىلىماسلىق تەلەپ قىلىندى.

يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان،"لوندۇن شەرقى ئافرىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتى"،تىبەتلىك تىبەت ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى زېرىن شاجا ئەپەندى، شۇنداق يىغىنلارغا قاتناشقان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ "يۇرتىمىزغا قايتالمىدۇق"،دېگەن داتلاشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئەمەلدارلار سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ پىكرىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا جۇڭگو ھۆكۈمتى كۆپلىگەن تىبەتلىكلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلىشىغا رۇخسەت قىلدى.قارىغاندا جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ تىبەتكە مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇرىدا مەلۇم ئۆزگىرىش يۈز بەردى دەپ كۆرسەتتى. تىبەت بىلەن جۇڭگو ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە مۇز ئېرىدى دېگىلى بولمىسىمۇ ئاز-تولا ئۆزگىرىش يۈز بەردى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قېتىم تىبەت ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشى، چەتئەللەردە دالاي لاما بىلەن جۇڭگونىڭ سۆھبىتى باشلاندى، دېگەن ئۈمىدكە ئوت يېقىۋەتتى. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر،1984 -يىلىدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ :" شۇ چاغدا تىبەت، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلغان. لېكىن كېيىنچە بۇ ئۈمىد مەغلۇپ بولدى، ئەمدى بۈگۈننى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، جۇڭگو كۈچىيىپ كەتتى، تەسىر كۈچ پەيدا قىلدى، سۆھبەت تېخىمۇ قىيىن

بولشى مۇمكىن " دېيىشتى.

" قارلىق شەھەرنىڭ شەجەرىسى" ماۋزۇلۇق كىتابىنىڭ ئاپتورى زېرېن شاجا ئەپەندى، :" تىبەتلىكلەر ئۆچۈن ھەر قانداق سۆھبەت قىين، دېدى. لېكىن بۇ ئەپەندى، پەرەز قىلىپ :جۇڭگو تەرەپ بىلەن تىبەت تەرەپ سۆھبەتكە ئولتۇرغاندا، تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن سۆزلىشىش ياكى سۆز ئېچىش چەكلەنگەن، دەپ قارالغان ماۋزۇلار ۋە مەسلىلەر بويىچە جۇڭگو ئۆزىنىڭ مەيداندا چىڭ تۇرۇپ،يەنى بېيجىڭ دالاي لاماغا، تىبەتنىڭ سىرتىدا تىبەتلىكلەر ياشايدىغان سىچۇەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەر ( بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ جىمسارغىچە، چەرچەن، چارقىلىق ناھىيە ئەتراپلىرىغىچە دالاي لاما زېمىن تەلىپى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن. تارىختا بۇ جايلار تىبەتلىكلەرگە قارايمىشكەن، دالاي لامانىڭ بۈيۈك تىبەت سىياسى ئاتالغۇسى مۇشۇنداق تەشەببۇسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن ) رايونلارغا قويغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى. بۇ مەسىللەر ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. چۈنكى، سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىن كېلىپ، دارامسالاغا توپلانغان كىشلەردۇر.

## سابىق پرېزىدېنت لى دىڭخۇي

2002-يىلى9 -ئاينىڭ25 -كۈنى

تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دىڭخۇي ياپۇنىيە" ئوكناۋا ۋاقىت گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قۇبۇل قىلغاندا، تەيۋەن ۋە جۇڭگو گەرچە سېنكاكو تاقىم ئاراللىرىغا ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى داۋا قىلسىمۇ، لېكىن سېنكاكو تاقىم ئاراللىرى ياپۇنىيىگە مەنسۇپ دەپ، كۆرسەتتى.

لى دىڭ خۇي :" سېنكاكو تاقىم ئاراللىرى مەسلىسى بويىچە جۇڭگو، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ

ئاراللار جايلاشقان دېڭىز تەۋەلىكى ئاستىدا ئىنتايىن كۆپ نېفىت، تەبىئى گاز زاپىسى بار، لېكىن جۇڭگو بۇ ئاراللاردا ئەزەلدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ باققان ئەمەس، شۇڭا ئېنىقكى، سېنكاكو تاقىم ئاراللىرى ئەزەلدىن ياپونىيىگە تەئەللۇق ئاراللاردۇر، دەپ كۆرسەتتى.

لى دىڭخۇي، :" تەيۋەنلىك بىلىقچىلارمۇ پات-پات سېنكاكو تاقىم ئاراللىرىنىڭ تالاش-تارتىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالىدۇ، چۈنكى بۇ بېلىقچىلار شاڭگاڭلىقنىڭ قۇتۇرتىشىغا، رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا مۇھىمى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۆزۈشتىن بۇرۇن، تەيۋەن بېلىقچىلىرى بىلەن "بېلىقچىلىق ھوقۇقى توختامى "تۈزگەن ئىدى. ياپونىيە بۇ توختامغا ئەمەل قىلىپ، تەيۋەن بېلىقچىلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىشى لازىم"، دەپ كۆرسەتتى.

## تىبەت ۋە بېيجىڭ سۆھبىتى

2002-يىلى9 -ئاينىڭ29 -كۈنى

تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا ئەۋەتكەن ئىككى نەپەر سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ باراۋەر دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى، بېيجىڭ تەرەپكە بۇگۈن، ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى كېلەر يىلى7 -ئايدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزدى.

تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى لى بو جى بۈگۈن تىبەت سەرگەردانلىرىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىغا :" بۇ قېتىمقى زىيارەتتە تىبەتنىڭ ئەلچىلىرى، تۇنجى قېتىم ئوخشاش دەرىجىلىك مۇئامىلىگە ئېرىشتى، بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت، بىر دېپلومات بىلەن ئىككىنچى بىر دېپلومات سۆھبەتلىشىش شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەن، ئىككىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ كېلەر يىلى 7-ئايدىن بۇرۇن تىبەتنىڭ سىياسى ئورنى بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

لېكىن دېدى ئۇ، ئىككى نەپەر ئەلچىنىڭ بۇ قېتىمقى بېيجىڭ زىيارىتى، كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت تېمىلىرىغا، ماۋزۇلىرىغا بىرىپ تاقىلىدۇ، دېسەك تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

تىبەتنىڭ ئىككى نەپەر سىياسى سۆھبەت ۋەكىلى بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ ۋەكىللەر تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق دارامسالاغا قايتىپ، بۇ قېتىمقى زىيارەتنى بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن تىبەت رەھبەرلىرىنىڭ 10يىلدىن بىرى تۇنجى قېتىم پىكىر ئالماشتۇرۇش، دەپ تەرىپلىدى. ئۇزۇندىن بىرى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھەقىقى ئۆزىنى- ئۆزى باشقۇرۇش سىياستى- تىبەتلەر ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش، دېپلوماتىيە ئىشلىرى، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرى بويىچە جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىگىدارچىلىق قىلىش سىياسى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن.

**تىبەت توغرىسىدا يۇزە ئويلىنىش**

2002 -يىلى9 -ئاينىڭ9 -كۈنى

ئامېرىكا ئىراققا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئوتتۇرا شەرقنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىغاندا، كورىيە يېرىم ئارىلىدا تىنچلىقنىڭ تاڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا دالاي لامانىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى 9-ئاينىڭ9 -كۈنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى.1993 -يىلى تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالغان سىياسى سۆھبەت ئەمدى ئىككى تەرەپنىڭ رەسمى ئۇچرىششى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بىراق، ختاي مىللەتچىلىرى، بېيجىڭ بىلەن دالاي لامانىڭ يارىشىپ قېلىشىدىن ئۈمىد زور ئەمەس، چۈنكى تىبەت مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىۋەتكىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ تىبەت، "شىنجاڭ"مەسىلىسى بويىچە ختاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيتى ئۇزۇندىن بىرى،"شىنجاڭ"، ئىچكى موڭغۇلىيە، تىبەت توغرىسىدا زوزوڭتاڭنىڭ كۆز

قارىشنى يەنى دىڭىز بويلىرىنى تاشلىۋېتىپ غەربى چېگرانى قوغدايدىغان كۆز قارىشنى تەكىتلەپ كەلگەن. " شىنجاڭ"غا ئېتىۋار بېرىش موڭغۇلىيىنى قوغداشتىن دېرەك بېرىدۇ، موڭغۇلىيىنى قوغداش، بېيجىڭنى قوغداشتىن دېرەك بېرىدۇ، دەيدىغان زوزۇڭتاڭچە قاراش، بۈگۈنكى دەۋىر خىتايلىرىنىڭ تېپىك مىللى مۇستەملىكىچىلىك كۆز قارىشى بولۇپ داۋاملىق تەكرار يادلىنىپ تۇرىدىغان مۇستەملىكچىلىك ئىدىئولوگىيىسىدۇر.

خىتايغا مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە جۇڭگۇ زەيىپلەشكەندە ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان ئەنگلىيە، تىبەتكە تاجاۋۇز قىلغان. ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە بىر ئۆزگىرىپلا تىبەتنىڭ مەسىلىسگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى. خىتايلار ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلغاندەك، گەرچە ھىندىستان تىبەتكەتاجاۋۇز قىلمىغان بولسىمۇ، گۇمانسىرىغان خىتاي ھۆكۈمىتى 1962-يىلى ھىندىستانغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ھىندىستان تىبەت مۇستەقىلچىلىرىنى قوللاپ، خىتايغا دۈشمەن دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.1947 -يىلى ئەنگلىيە ھىندىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، تىبەت ئىشلىرى تاشلىنىپ قالغاندا، ئامېرىكا تىبەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىپ، ئامېرىكا تىبەت مۇستەقىلچىلىرىنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللاپ خىتاينى چەكلەشكە باشلىدى.

دالاي لامانىڭ" بۈيۈك تىبەت "سىياسى تەشەببۇسى، ھەقىقى مەنىدە مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىشقا باراۋەر بولۇپ، بۇ تەشەببۇس مەسىلىنىڭ ھەقىقى" تۈگۈنى"ئىدى.1987 -يىلى دالاي لاما تۆۋەندىكىدەك بەش نوختىلىق سىياسى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 -تىبەت تېررىتورىيىسىنى تىنچلىق رايونىغا ئايلاندۇرۇش؛ بۇ يەردە پۈتۈن تىبەت دېگەنلىك جۇملىدىن تىبەت ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي ئۆلكىسى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربى قىسمى، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربى -شىمالى قىسمى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى قىسمى،" شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زېمىنى جىمسارغىچە، چەرچەن، چارقىلىقچە

سوزۇلغان كەڭ زېمىنلار تىبەت تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى دېگەنلىكتۇر. تىبەتنى تىنچ رايونغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئەسكەر چېكىندۇرۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

2- جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەت خەلقىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغۇچى تىبەتكە ئاھالە كۆچۈرۈش سىياستىنى توختىتىشى كېرەك. بۇنداق شەرت قويۇش" تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى "دېگەن سەپسەتەنى ئىنكار قىلىشتۇر. جۇڭگولۇقلار بۇ تەرەپلەرگە كۆچمەن بولۇپ كەلمەسلىكى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

3- جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

4-تىبەتنىڭ تەبىئى مۇھىتىنى قوغداش، قايتا قۇرۇش، جۇڭگو تىبەتتە ئاتوم قوراللىرى ياساش، كېرەكسىز ئاتوم ماتېرىياللىرىنى تىبەتتە بېر تەرەپ قىلىش غەرەزلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك.

5- تىبەتنىڭ كەلگۈسى سىياسى ئورنى ۋە تىبەت خەلقى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش. بۇ نوختا ھەم "تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى"، دەيدىغان ئاتالغۇنى ئىنكار قىلىشتۇر.

مەن، بۇ 5 نوختىلىق سىياسى تەشەببۇسنىڭ بىر قانچە ۋارىيانتىنى كۆرگەن ئىدىم. ھازىرغىچە ئەسلى نوسخىسىغا ئېرىشەلمىدىم. بۈگۈن پەقەت بىر خىل ۋارىيانتىنىلا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم.

قىسقىسى دالاي لامانىڭ" بەش نوختىلىق سىياسى تەشەببۇسى"، مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان سىياسى تەشەببۇس بولغاچقا تېگى - تەكتىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سىياسى تەشەببۇسقا قانداق پوزىتسىيە قوللىنىشى مۇمكىن؟ئەمما دالاي لاما ھازىرغىچە بۇ پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ھازىرمۇ ئەمەلىيەتتە تىبەت مەسىلىسى ئۇزۇل -كېسىل خەلقئارالاشتى.

مەسىلەن،20 -ئەسىرنىڭ90 -يىللىرىدىن باشلاپ ئامېرىكا تىبەت سەرگەردانلىرىغا ھەر يىلى 7 مىلىيون 500 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل

ئاجرىتىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ھەر يىلى 50 نەپەر تىبەتلىكنى مۇكاپات بېرىش شەكلىدە ئامېرىكىدا ئوقۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. خۇددى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى1992 -يىلى قارار قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، "تىبەت ئىشغال قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىدى " دەپ كۆرسەتكەندەك، تىبەتكە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كېيىنكى چاغلاردا ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت تەركىپىدە تىبەت ئىشلىرىغا ۋالى بەلگىلەپ، جۇڭگونى ئوبداب دېگۈدەك سەگىتىپ قويدى. كۆپ يىللاردىن بېرى تىبەت سەرگەردانلىرى ئامېرىكىدا" تىبەت مۇستەقىللىقى"نى تەشەببۇس قىلىدىغان ئورگانلارنى تەھسىس قىلىپ كەلدى.

قارىغاندا دالاي لاما" بۈيۈك تىبەت " چۈشىدىن ھەر گىز ۋاز كەچمەيدۇ، " بەش نوختىلىق سىياسى تەشەببۇس"ئىدىنىمۇ ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ سىياسى مەيدانى - تىبەت توغرىسىدا بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا، خۇددى جىياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك،" ئاز سانلىق مىللەت دېگەن، ئاز سانلىق مىللەتتۇر، ئادىل مۇئامىلە قىلساق، ئېتىبار بەرسەكلا بولىدىغۇ،جۇڭگونى پارچىلاشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ" دېگەندەك، مەيدان ۋە سىياسى قاراشتۇر. بۇ خىل سىياسى قاراش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىياسى زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بەلگە قىلغان سىياسى مەيداندۇر.

دالاي لامانىڭ سەرگەردان ھاياتى،يېرىم ئەسىرگە يېقىنلاشتى. كۆرمىگەن ئېچىنىشلىق كۈنى تارتمىغان جاپا مۇشەققەتلىرى قالمىدى. تىبەتتە دىن بىلەن سىياسەت ئايرىۋېتىلگەن سىياسى ھاكىمىيەت قۇرۇش مەقسىتىگە تېخىچە يېتەلمىدى. تىبەتنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلدى دەپ، تەشۋىق قىلدى،خىتاي مۇستەلىكىچىلىرى. نەدىكىنى ؟ئەمەلىيەتتە تىبەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ئوساللاشتى. تارىختا تەرەققىيات مۇستەملىكە مىللەتىن يىراق بىر ئىش قالاقلىشىش كۈنسېرى قالاقلىشىش مۇستەملىكە مىللەتكە تولۇمۇ

يېقىن تۇرىدىغان بىر ھادىسە بولۇپ كەلگەن.ھازىر ھەم شۇنداق. ھوقۇقى يوق مىللەت تەرەققى قىلمەن دەپ، ئاۋارە بولماسلىقى كېرەك.
ھازىر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تىبەت بىلەن سۆزلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندەك بىر ئىشنى باشلىغاندەك كۆرۈندۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا" شىنجاڭ مۇستەقىللىق"، ئاندىن " تەيۋەن مۇستەقىللىق " مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قول سېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ خىل تەرەددۇلارنىڭ خەلقئارا تەسىرىنى مۆلچەرلەپ يەتكىلى بولمايدۇ. بېيجىڭ گېپىدە تۇرالامدۇ، گېپىدىن يېنىۋالامدۇ، بىراق بۇ قېتىم مەسىلە ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچنى دالاي لامانىڭ قولىغا تۇتقۇزالامدۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى تېخى بىر گۇمان. بۇ ئاچقۇچ خىتاينىڭ باياناتچىسى كۈڭ چۈەننىڭ باياناتىدا باشقىچە چۈشەندۈرۈلدى. دالاي لاما " تىبەت ۋە تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى "دەپ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى باياناتچى كۈڭ چۈەن. بۇنداق تەلەپنى دالاي لاما قوبۇل قىلالامدۇ؟ دالاي لامانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىچۇ، قوبۇل قىلالامدۇ، قوبۇل قىلالمامدۇ؟ يۇقىرىقىلار ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىۋاتقان مۇرەككەپ سىياسى ھادىسىلاردۇر.
ئامېرىكا يېقىندا تۇنجى قېتىم مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاتالمىش" شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى"نى تېرورىست تەشكىلاتلار قاتارىدا تىزىمغا ئالدى، مېنىڭچە بۇ تەشكىلات ئىسمى بار جىسمى يوق تەشكىلات بەلكى خىتاي ئۆزى ياساپ تور بېتىگە چىقىرىپ قويغان تەشكىلات ئىدى.
خىلمۇ -خىل ئالامەتلەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، پىرىېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بۇ خىل مەسلىيلەرنى تىبەت مەسلىسىدەك..... ئۇيغۇرستان مەسلىسدەك سىياسى مەسلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت ستىراتېگىيىلىك سىياسى تەپەككۇرى دەل ئاستا-ئاستا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى ۋە زىددىيەتلىك ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. تىبەت مەسلىسدەك مەسلىيلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

هازىرغىچە ھېچ قانداق نەتىجە كۆرسەتمىگەن بولسا، مۇبادا ئەگەر خىتاي، جۇڭگۇ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش كۈن تەرتىپىگە كېلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا دۇنيانىڭ قىياپىتى قانداق بولۇپ كېتەر ؟رېياللىق دەيمىز، - يۇ، يەنە بىر تەرەپتە ھەركەت قىلىۋاتقىنى خىيالدۇر. ئوقۇرمەنلىرىم، خىيال بىلەن رېياللىقنىڭ پەرقى بارمىدۇ، پەرقى بولسا ئۇ نېمىدۇ؟

**ۋاشىنگتۇن**

2002 -يىلى10 -ئاينىڭ8 -كۈنى

10 -ئاينىڭ7 -كۈنى" ئۇمۇمى كەچۇرۇم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، جۇڭگۇنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكىنىڭ پىرېزىدېنتى جورجى بوش ئەپەندىگە خەت يېزىپ :" پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، جۇڭگۇنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تىيەنئەنمىن سىياسى مەھبۇسلىرىنى ۋە بەنچەن لامانى، "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونلۇق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى توغرىسىدا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى.

" خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى،فالۇن گۇمپىسى قاتارلىق دىنى تەشكىلاتلار دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارشى نارازىلىق بىلدۇردى.

سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ ئامېرىكىدىكى بالا - چاقىسى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقا ئوكلوخوما شىتاتىدىن ماشىنا ھەيدەپ تېكساس شىتاتىغا بېرىپ، خيۇستۇن شەھرىدە "ئۇمۇمى كەچۇرۇم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى تەشكىللىگەن نامايىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان بولدى.

" ئۇمۇمى كەچۇرۇم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى

ۋاشىنگتون شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى ت. كومار ئەپەندى:" ئومۇمى كەچۈرۈم " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى پىرىنسىپىنى بوش ئەپەندىگە خەت يېزىپ، پىرىنسىپنى بوش ئەپەندىنىڭ جىياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى پائالىيەتچى كىشىلەرگە سىياسى زىيانكەشلىك قىلىشنى، تور بەتلىرىنى قامال قىلىشنى،200 دىن ئارتۇق تىيەنئەنمېن سىياسى مەھبۇسلىرىنى، شۈي ۋېنلى سىياسى ئۆكتىچىنى، بەنچەن لامانى ۋە رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جىياڭ زېمىنگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى دەپ، كۆرسەتتى.

ئۆ گۈنلۈككە دۆلەت مەجلىسى بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نامايىشنى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە" ئەركىنلىك ئائىلىسى"قاتارلىق تەشكىلاتلار تەشكىللەيدىغان بولدى. مەملىكەتلىك "ئامېرىكا ئاياللىرى" تەشكىلاتى، تۈنجى قېتىم جۇڭگۇغا قارشى نامايىشقا قاتنىشىدىغان بولدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى جېر مېن ئەپەندى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى روز لەدىېر قاتارلىق رەھبەرلەر نامايىش كۈنى نامايىشقا چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولدى.

### قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربى مانېۋىر

2002-يىلى10 -ئاينىڭ12 -كۈنى

جۇڭگۇ بىلەن قىرغىزىستان بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەربى مانېۋىرىنىڭ ھەربى ئەھمىيىتىدىن دىپلوماتىك ئەھمىيىتى كۆپرەك ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەربى مانېۋىرغا ئىككى تەرەپتىن بىر نەچچە يۈز ئەسكەر، بىر نەچچە تىك ئۇچار ئايروپىلان، بىر قانچە تانكا

قاتناشتۇرۇلدى.

بېيجىڭغا نىسبەتەن دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئەڭ زور دۈشمىنىدىن ئېيتقاندا بۇ دۆلەت، خىتاينىڭ نەزىرىدە ئامېرىكا ئىدى. جۇڭگۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياپونىيە، كورىيە، شەرقى- جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرى ئامېرىكا بىلەن سىياسى جەھەتتە، ھەربى ئىشلار جەھەتتە ئۇزۇندىن بېرى يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن. جەنۇبى ئاسىيادىكى ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىش دەۋرىگە كىرگەن، ھەتتا ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، بېيجىڭ دائىرىلىرىنى، ئامېرىكا، جۇڭگونى يېڭىچە شەكىلدە قورشاش ۋەزىيىتى ياراتتى، دەيدىغان خۇلاسىگە كەلتۈرگەن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ يېڭى قورشاش سىياسىتىدىن ھوشيار بولۇپ تۇرغان جۇڭگو، ئالدىقاچان قورشاشقا تاقابىل تۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەن. ئامېرىكىنىڭ قورشاش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ياخشىلاپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا دىپلوماتىيە قورغىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن "شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىقى " تەشكىلاتىنىمۇ قۇرۇپ چىققان. بۇ تەشكىلات ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇشى كېرەك، ئىدى ئەلۋەتتە. خىتاينىڭ نەزىرىدە جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا جۇڭگو،ئامېرىكىنىڭ قورشاش سىياسىتىنىڭ بىسىمىنى يېنىكلىتەلەيتى. چۈنكى، بۇ بەش دۆلەتنىڭ ئىچىدە روسىيە فېدېراتسىيىسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى مەقسەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چېگرالىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەت قىلىۋاتقان.ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەقسەتلىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ياق...... !ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەنلا ئەمەس ئەڭ

مۇھىمى روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالىسا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، مۇستەقىلچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشكە بەلكى قادىر بولالايتى. بىز بۇ يەردە " بەلكى " دېگەن باغلىغۇچنى، كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچنى ئىشلەتكەندە، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تارىخى، سىياسى ساتقۇنلىقىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى يەنە مۇمكىنمۇ....؟ ناتايىن! دەيدىغان پەرەزگە ئاساسلىنىپ قوشۇپ قويدۇق. روسىيە فېدېراتسىيىسى ئۆزىمۇ بۈگۈن خىتاينىڭ تەھدىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

11" - سىنتەبىر ۋەقەسى"دىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتى ئارمىيىسى تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى لەپىلدىتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەن مۇشۇنداق دەۋىر بۆلگۈچ بىر پەيتتە جۇڭگۇنىڭ دەل شۇنداق پەيتتە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا جۇڭگۇنى قورشاش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش چۈشى بەرباد بولدى. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا دالاندىن ئۆتۈپ سارايغا كىرىش ستىراتېگىيىسى،جۇڭگۇنى بىر قولدا سۆڭگىچنى بىر قولدا ئاغزىنى تۇتۇپلا قېلىش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇڭا خىتايچە تەپەككۇرغا ئاساسلانغاندا جۇڭگۇ، قىرغىز دۆلەتلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى مانۆېرى، ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى "ياخشىلاش"نىڭ بىر قەدىمى بولۇپ قالاتتى.

**تىبەت**

2002 -يىلى10 -ئاينىڭ18 -كۈنى

" ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى"نىڭ مۇخبىرى:" تىبەت كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ، جۇڭگۇنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش ھاپىسىدا، بېيجىڭ دائىرلىرى تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان شۇنىڭ ئۈچۈن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن ئاۋاڭ ساڭ جونى 9يىل بۇرۇن تۈرمىدىن قويۇپ بەردى، بۇ يىل

1-ئايدىن باشلاپ، بېيجىڭ دائىرلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن تىبەتلىك سىياسى مەھبۇسلارنى 7قېتىم جەمئى 7 نەپەر سىياسى مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى،دەپ كۆر سەتكەنلىكنى خەۋەر قىلدى.

سان فىرانسىسكو شەھرىدە ئىشخانە قۇرغان "دىئالوگ فوندى جەمئىيىتى"نىڭ رەئىسى جۇن كام ئەپەندى،" ئاۋاڭ ساڭ جۇ25 ياشلار ئەتىراپىدا، تىبەتلىك ئايال راھىب ئىدى. ئۇ1990-يىلى تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتناشقاندا قولغا ئېلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەكسىل ئىنقىلابقا قۇتراتتى، دەيدىغان جىنايەتنى ئارتىپ،21 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلىپ، لىخاسا تۈرمىسىگە قاماپ قويغان.1 يىل بۇرۇن تۈرمە دائىرلىرى بۇ ئاياال راھىپنىڭ تۈرمىدىكى ئىپادىسى ياخشى دەپ، قاماق جازاسىنى18 ئاي قىسقارتقانلىقىنى جاكارلىغان.10 -ئاينىڭ17 - كۈنى جۇڭگۇ دائىرلىرى ئاۋاڭ ساڭ جۇنى 9يىل بۇرۇن تۈرمىدىن قويۇپ بەردى.

" دىئالوگ فوندى " جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جۇن كام ئەپەندى، ئايال راھىپ ئاۋاڭ ساڭ جۇ،ئەكسىل ئىنقىلابچى جىنايىتىنى ئارتىپ ئەڭ ئۇزۇن قاماق جازاسى بېرىلگەن راھىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بۇ ئايال راھىپ ئاخىرى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدى، مەن دەپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ جۇن كام ئەپەندى، بۇنىڭ ئۈچۈن پىرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە، فىرانسىيەنىڭ پىرېزىدېنتى شىراك ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن دەپ كۆرسەتتى.

جۇن كام ئەپەندى ئۆتكەن ھەپتە بېيجىڭدە تۇرۇپ " جىياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا بېيجىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى بويىچە ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى"دەپ كۆرسەتتى.

"تىبەت ئۇچۇر مەركىزى"نىڭ رەئىسى " ئۆتكەن ۋاقىتلاردا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئاۋاڭ ساڭ جۇنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ

بىرىلىشنى ئىزچىل تەلەپ قىلدى، جۇڭگو تەرەپ بولسا، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھارپىسىدا پىرىنسىپنى بوش ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئاساسلىق نوختىلارنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبېتقاندا،5 نەپەر سىياسى مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپ بىلەن كەسكىن سۆھبەت قۇرغان ئىدى.

بۇ يەردە بۆگۈن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئويۇنلىرى،" گۇناھسىز كىشىلەرنى گۆرەگە ئېلىش،تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش، يەنە گۆرەگە ئېلىش يەنە تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش " ئوينى ئويناپ،بۇ ئويۇننى دېپلوماتىك ئويۇنغا ئايلاندۇرىۋالدى جۇڭگو، دەپ كۆرستىشتى.

" ئامېرىكا ئاۋازى رادئوسى18 "-كۈنى: كىشىلىك ھوقۇق،ئامېرىكا بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان مەسلىدۇر، خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشنى ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ، قاراپ كەلگەن، دەپ كۆرسەتتى.

ئۆتكەن يىلى10 -ئايدا ئامېرىكا دېپلوماتلىرى جۇڭگو تەرەپكە 74 نەپەر سىياسى مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرغان. بېيجىڭ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 68 نەپەر سىياسى مەھبۇسنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەندۇرۇش بەر گەن. ھازىرغىچە 30 نەپەر سىياسى مەھبۇس تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى ياكى جازا مۇددىتى قىسقارتىلدى.

ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق با ش ئەلچىسى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاشكارە يىغىندا :بە ش نەپەر سىياسى مەھبۇس - شۈي ۋېنلى ( جۇڭگو دېموكراتلار پارتىيسىنى قۇرغان) ، سابىق خىتاي سىياسى كېڭشىنىڭ ئەزاسى باي ئۇيغۇر ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە

قاتناشقان ئاۋاڭ ساڭ جۇنڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال رايىس ئاۋاڭ ساڭ جۇ مۇشۇ ئاينىڭ18 -كۈنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلدى.

ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل2 -ئايدا پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، جۇڭگۇنى زىيارەت قىلغاندا ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگۇ تەرەپكە سىياسى مەھبۇسلارنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى 5 نەپەر سىياسى مەھبۇسنىڭ ئىسمىدىن باشقا لىيۇ ياپىڭ ۋە ئامېرىكىلىق سودىگەر ۋاڭ خۇمىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسمىمۇ شۇ تىزىملىكنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.(" دۇنيا گېزىتى " خىتايچە نەشرى، نىيۇ يورك شەھرىدە نەشر قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ گېزىتنى مەنبەئە قىلىدۇ )

**ئامېرىكا**

2002-يىلى 10-ئاينىڭ23 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەدلىيە مىنىسترى ئەشكۇرەپ ئەپەندى، 22-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە ئەشكۇرەپ ئەپەندى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بېيجىڭدە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرغانلىقىنى تەبرىكلىمەكچى ۋە بۇ ئىشقا نىنىڭ رەسمى ئىشقا چۈشكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىلەشتۈرۈپ، جۇڭگۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش بويىچە ھەمكارلىشىش مەسلىسىنى مۇزاكېرە قىلماقچى بولدى.

ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئايال باياناتچىسى : ئەشكۇرەپ ئەپەندى بېيجىڭدە تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش مەسلىسى بويىچە ئىككى دۆلەتنىڭ قانداق ھەمكارلىشىشى مەسلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن باشقا ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان قانۇن مەسلىلىرى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. (" دۇنيا گېزىتى ")

قاراڭە،دوستۇم ئەسلى گەپ مۇنداق گەپ ئىكەندە..... ئامېرىكىنىڭ فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى بېيجىڭدە ئىشخانە قۇردى، دەڭ.....

**قايغۇلۇق خەۋەر**

2002-يىلى10 -ئاينىڭ 25-كۈنى

ئىككىنچى قېتىم سەنەتور بولۇپ سايلىنىشقا نامزاد قىلىپ كۆرسىتىلگەن، سايلامدا يېڭىپ چىقىشنى كۆزلىگەن، ئامېرىكىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئامېرىكا دۆلىتى مىنوستا شىتاتىنىڭ سەنەتورى ھۆرمەتلىك پائول ۋېلستۇن ئەپەندى،25 -كۈنى كىچىك تىپلىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سايلام رايونىغا بېرىپ ئاممىنىپ پىكرىنى ئېلىشقا ۋە يەنە شۇ ئاممىنىڭ سايلاش بىلىتىنى ئېلىشقا كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئولتۇرغان ئايروپىلاندىن چاتاق چىقىپ، ۋېرجىنىيا شىتاتىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىۋاتقاندا ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ، سەنەتور ۋېلستۇن 58 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئايروپىلانغا بىللە ئولتۇرغان ئايالى، ئىككى نەپەر قىزى ھەم شۇ كۈنى بۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ ۋېلستۇن بىلەن بىللە قازا قىلدى. پۈتۈن ئامېرىكا ھەسرەت چەكتى......ئۇيغۇرلار بىلمەيدۇ، ئۇيغۇرلار ھەسرەت چەكمىدى، لېكىن مەن ھەسرەت چەكتىم مەن ئۇيغۇر ئىدىم، شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ ھەسرەت چەكتى. دادام،ئانام ۋاپات بولغاندا مەنكىم سىدىقھاجى روزىنىڭ ھەسرىتى شۇنداق پەلەككە يەتكەن، بۈگۈن سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا شۇنداق قايغۇردۇم، شۇنداق ھەسرەتكە چۆكتۇم.

ۋېلستۇن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك روھىغا باي بىر جەسۇر ئەزاسى ئىدى. بۇ قېتىمقى سايلامدا يەنە بىر قېتىم كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولۇپ سايلىنىشنى بەلكى3 -

قېتىم ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. سايلىنىشتىن بۇرۇن، مىنوستا شتاتىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولۇپ، سايلىنىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نورۇم كولمەن ئەپەندى بىلەن سايلام رىقابىتىگە چۈشكەن. بىلەت تاشلاشقا 11 كۈن ۋاقىت قالغاندا بۇ دەھشەتلىك ئاروپىلان ۋەقەسى يۈز بەردى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئايروپىلاندىن چاتاق چىققاندا، ۋىرجىنىيا شتاتىدا قار -يامغۇر ئارىلاش شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. بۇزۇق ھاۋادا ئاسماندا تازا پەرق ئەتكىلى بولمايتى. سەۋەپ ھازىر تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، دېيىلدى خەۋەردە.

شۇ كۈنلەردە پىرېزىدېنت بوش تېكساس شتاتىدىكى قورۇقىدا خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننى قارشى ئېلىۋاتاتتى. پىرېزىدېنت بوش نوتۇق سۆزلەپ: سەنەتور ۋېلىستۇن، بۇرۇچ تۇيغۇسىغا ئىگە، توغرا سۆزلۈك دۇرۇست ئادەم ئىدى، توغرىدىن - توغرا سۆزلەۋېرەتتى، ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە دۆلەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان ؛ ۋېلىستۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋا بىئاتلىرىدىن، بىر ئايروپىلاندا بىللە قازا قىلغان يەنە باشقا كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممى ھال سورايمەن، دەپ كۆرسەتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى ئەنان ئەپەندى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئەنان ئەپەندى : ۋېلىستۇن پىرىنسىپلىق، ۋىژدانلىق، توپ -توغرا ئادەم ئىدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى ۋە ئاق ساراي بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈپ ۋېلىستۇنغا ماتەم تۇتتى.

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، سەنەتور ۋېلىستۇننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا تەئزىيە نۇتقى سۆزلىگەندە پىرېزىدېنت بوشنىڭ يېنىدا جياڭ زېمىن ھجىيىپ تۇراتتى. جياڭ زېمىننىڭ ھجىيىشى ماڭا، ئەڭ خەتەرلىك بىر دۈشمەندىن بەلكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە خىتاينىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە قارشى پىكىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك

ھوقۇق تەلەپلىرىنى قوللايدىغان ئەڭ خەتەرلىك بىر دۈشمەندىن قۇتۇلدۇم دېگەندەك بىلىندى.

2000 -يىلى7 -ئاينىڭ14 -كۈنى ۋە7 -ئاينىڭ 28 -كۈنى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە تۈنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى دەل مۇشۇ كىشى سەنەتور ۋېلىستۇن ئىدى. شۇ كۈنى رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا دۆلەت مەجلىسىدە قانۇن لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۆۋەتتە كەلگەندە ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنىدا بۇ قانۇن لاھىيىنى ماقۇللاتقان كىشى دەل سەنەتور ۋېلىستۇن ئەپەندى ئىدى.

2001 -يىلى5 -ئاينىڭ9 -كۈنى مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ، ۋاشىنگتۇندا ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، بىللە رەسىمگە چۈشكەن ( بۇ توغرىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم) ۋە شۇ كۈنى ماڭا، مەن، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دېلوسىنى ۋە تۈرمىدىكى سىياسى ھاياتىنى داۋاملىق بىر مەسىلە سۈپىتىدە تۇتۇپ ئىشلەيمەن، دېگەن كىشى دەل سەنەتور ۋېلىستۇن ئىدى.

سەنەتور ۋېلىستۇن ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئامېرىكىدا، دۆلەت مەجلىسىدە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. سەنەتور ۋېلىستۇننىڭ ۋاپاتىغا مەن ھەسرەتلەندىم....ئۇيغۇرغا كۆڭۈل بۆلگەن بۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا كىم ھەسرەتلەنمىسۇن؟ مەن غېرىپ مۇساپىر بىچارە، ۋەتىنىمدىن مۇساپىر بولۇپ ئايرىلغان، ئايالى رابىيە قادىردىن تىرىك تۇرۇپ ئايرىلغان بىچارە سىدىقھاجى روزى بۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ! بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللا كودىن يا كەتتى...... يېتىمنىڭ قولى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ.....ھەي، سىدىق ھاياتىڭ مۇشۇنداق بولۇپ كېتەرمۇ؟!

سەنەتور ۋېلستوُن، تېگى -تەكتى روسيىلىك جوُيىش بولوُپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە كۆچوُپ كېلىپ ئامېرىكىدا ئولتوُراقلىشىپ قالغان كىشى ئىكەن.....

يېقىندىن بېرى ئامېرىكىدا ئىراققا ئوُروُش قوزغاش توغرىسىدا موُنازىرە، موُھاكىمە باشلانغاندا، سەنەتور ۋېلستوُن ئىراققا ھوُجوُم قىلىشقا قەتئى قارشى توُرغان سەنەتور ئىدى.

### ۋاڭ شىسسەي ( ۋاڭ لېچوُەن)

2002-يىلى11 -ئاينىڭ13 -كوُنى

موُستەملىكىچى خىتاي ھاكىمىيىتى سىياسى بېروسىنىڭ ئەزالىرى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئوُچ تەركىپكە- مەركىزى كومىتېتقا موُناسىۋەتلىك ئەزالار، يەرلىككە موُناسىۋەتلىك ئەزالار، ھەربى سەپكە موُناسىۋەتلىك ئەزالاردىن ئىبارەت ئوُچ تەركىپكە بۆلوُنەتتى.

16 - قوروُلتايدا سىياسى بېرونىڭ يېڭى ئەزالىرىنى سايلاشتا يوُقىرىقى ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلدى." شىنجاڭ" ئۆلكىسىنىڭ شىڭشىسسەيى ۋاڭ لېچوُەن سىياسى بېروغا ھەيھەت ئەزا بولوُپ سايلاندى. 58 ياشقا كىرگەن ۋاڭ شىسسەينىڭ ئالى مەكتەپنى پوُتتوُرگەن ئوقوُش تارىخىموُ يوق ئىدى. پارتىيە مەكتەپتە بىلىم ئاشوُرغان بىلىم ئاشوُروُش خاتىرىسىلا بار ئىدى. ئوُنىڭ مەركەزدە قوللىغوُچىلىرى، ئارقا ئىشىك بىلەن يول مېڭىپ قولغا كەلتوُرگەن قوللىغوُچىلىرىموُ يوق دېيەرلىك ئىدى. شوُنداق بىر كىشى قانداق قىلىپ مەركىزى كومىتېتقا ھەيئەت ئەزا بولوُپ سايلىنىپ قالدى ؟

نۆۋەتتە ئوُيغوُرستان، ئوُيغوُرستاننىڭ خەلقئارا ئورنىڭ گەۋدىلىنىشى موُھىم دەپ قارالغان خەلقئارا ستىراتېگىيىلىك سىياسەتنىڭ دىققەت مەركىزىگە چوُشوُپ قالدى. خىتاي مىللەتچىلىرى ئوُيغوُرستاننىڭ خەلقئارا سىياسى ئورنىنىڭ گەۋدىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، بوُ موُستەملىكە ئۆلكىدە خىتاي موُستەملىكىچىلىرى مىسلى كۆروُلمىگەن دەرىجىدە ئوُيغوُر مىللىتىگە خىتاي مىللىتىنىڭ بېسىمى، دىنى، سىياسى، ئىقتىسادى بېسىم

قاتارلىق يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت بىلەن سىياسى بېسىم پەيدا قىلدى. چۈنكى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلغۇچى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ مىللى دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ بېيجىڭغا كەلتۈرگەن بېسىمى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، دەپ خۇلاسە چىقاردى.

كۆچمەن خىتاي ۋاڭ لېچۈەن (ۋاڭ شىسەي) ،" شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونلۇق پارتىكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىدىن بىر سەكرەپلا بىرىنچى سېكرېتارلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، كىشىلەرگە شۇنداق بىر پاكىت تەييارلاپ بەردىكى، "شىنجاڭ"دا مىللەت مەسىلىسى، مىللەت ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ھوقۇقلۇق ئورنى مەسىلىسى تېخىچە ئۈزۈل -كېسىل ھەل بولمىدى ھەمدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر سىياستى بويىچە مىللەت ئۇيغۇرنىڭ سىياسى تەلەپلىرى مەسىلىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپ ئارزۇلىرى بويىچە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

بېيجىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا مۇستەملىكە سىياستىنىڭ بېسىم كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋاڭ لېچۈەن( ۋاڭ شىسەي )گە يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى سىياسى ئورۇن بېرىپ، شۇ ئارقىلىق مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي مىللى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە كۆرستىپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، پىشىپ يېتىلىپ كېلىۋاتقا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئالدىدا، ئۇيغۇرىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ يەرلەشتۈرۈپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ نوپۇس تەركىپىنى ئۆزگەرتىپ، ئاسسىملاتسىيە قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى غەرپنى ئېچىش سىياستىنى ئاشكارە، توغرىدىن -

توغرا كۆتۈرۈپ چىقتى.

خىتاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئۇيغۇرىستاندىن ئېيتقاندا، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى ئېچىشنىڭ پىلانىنى ئەمدى كىچىككىتۈرۈشكە بولمايتى. خىتاينىڭ نەزىرىدە مىللەت، دىنى ئېتىقات مەسلىيلىرىنى ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئالدامچىلىقى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتى. مۇنداق ئېيتقاندا خىتايچە خىيالپەرەستلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى يۇمشاتماقچى بولاتتى.

ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان زور قۇرۇلۇش- غەرپنىڭ تەبئى گازىنى شەرققە يۆتكەش قۇرۇلۇشى، غەرپنى -مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى ئېچىشنىڭ دەھشەتلىك تۇنجى قەدىمىنىڭ ئوگۇشلۇق بېسىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇيغۇرلار ياقىدىغان چىراققا كىرىسىن يوق، ئۇيغۇرلار ئوچاققا ياقىدىغان ئوتۇن يوق،تېزەك قالاپ يۈرىۋەرسۇن، شۇنداق ئېپتىدايى ياشاۋەرسۇن، تەبئى گازنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن تۇرۇبا ئارقىلىق شەرققە ئاققۇزۇپ كېتىپ، شاڭخەي ئارقىلىق ئېكىسپورت قىلىپ چەتئەللەرگە سېتىپ بايلىق ياراتماقچى بولدى.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ۋە رابىيە قادىر كىشىلىك ھوقۇق سىياسى مەسىلىسىنىڭ "ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋە" كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ دوكلات تەييارلىشى ئارقىلىق ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە دوكلات قىلىنىشى بىلەن بۇ توغرىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قانۇن لاھىيە ماقۇللىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتتە يۈز بەرگەن يەر شارى خاراكتېرلىك نېفىت كىرزىسى ئىنتايىن زور نېفىت، تەبئى گاز بايلىقىنى، 137 خىل رەڭلىك مېتال، رەڭسىز مېتال بايلىقىنى باغرىغا يۇشۇرۇپ ياتقان ئۇيغۇرىستان،كەلگۈسىدە ئورتا ئاسيانىڭ نېفىت، تەبئى گاز بايلىقىنى

شەرىققە، خىتايغا يۆتكەپ كېلىشتە تەبىئى ئۆتكەل، ئاساسلىق لېنىيە، ئاساسلىق تۈشۈش، يۆتكەش كارىدورىغا ئايلىنىدىغان ئۇيغۇرىستان، خىتاينىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماستىن، خەلقئارا ئىش تەقسىماتى، خەلقئارا ئىقتىسادى تەرەققىيات جەھەتتە خەلقئارالىق ئىقتىسادى ستىراتېگىيىلىك سىياسەتنىڭ دىققەت مەركىزىگە چۈشكەن ئىدى.

مۇشۇ خىل ۋەزىيەت ئالدىدا تەمتىرەپ قالغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى كومىتېتى ساۋاتسىز كەلگىندى، ژۇمۇلاندى، دۇمۇلاندى خىتاي ۋاڭ لې چۈەن( ۋاڭ شىسەي ) نى مەركىزى كومىتېت سىياسى بېروغا ئېلىپ كىردى.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنىڭ قارىماققا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە بىر سىياسى مەسىلە سۈپىتىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە كىرىپ كېلىشى ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، تۈرمە سىياسى ھاياتى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە قانۇن لاھىيە ماقۇللىنىشى بىلەنلا، چۈچۈپكەتكەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ مىللى ھۆكۈمرانى ۋاڭ لې چۈەننى مەركىزى كومىتېتنىڭ سىياسى بېروسىغا ئېلىپ كىردى. بۈگۈن ۋاڭ لې چۈەننىڭ سىياسى بىروغا ئېلىپ كىرىلىشىگە سىدىقھاجى روزى، رابىيە قادىر قادىر ئائىلىسى قانچە ئېچىنىشلىق دەرىجىدە بەدەل تۆلىگەن بولسا، ۋاختانى ۋاخ كەلگەندە ۋاڭ شىسەيىنگمۇ ئۇيغۇرىستانغا ھۆكمرانلىق قىلىشىنىڭ ۋاختىنى ئەقەللى بىر كۈن ئۇزارتىش ئۈچۈن شۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلەيدىغانلىقنى، ئا خىرىدا بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ ئۇيغۇرىستاندىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقنى سىياسەت تارىخىنىڭ زامان ۋە ماكان ئىچىدە بەلگىلەيدىغانلىقنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىمىز.

## شاپپورت ئەپەندى

2002-يىلى11 -ئاينىڭ 17 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەيۋەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى شاپپورت ئەپەندى، 11-ئاينىڭ14 -كۈنى مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، :" ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خاتىرىسىگە كىرگۈزدى"

شاپپورت ئەپەندى:" شاڭخەي ئاخباراتى ئىمزالانغاندىن بېرى تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى تەرپىدە ياشايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ، "بىر جۇڭگو، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى " دەيدىغان سىياسىتىنى ئامېرىكا، بىلىپ كەلدى، چۈشىنىپ كەلدى. بۇ " بىر جۇڭگو سىياسىتى" تەيۋەننىڭ قۇدرەتلىك، دېمۇكراتىك تۈزۈم ياراتقان رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ " دەپ، كۆرسەتتى.

شاپپورت ئەپەندى، يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا كۆپ سانلىقلارنىڭ مۇدىرى بولۇپ سايلانغان دېلېر ئەپەندىنىڭ، ئۆتكەن يىلى ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىگەندە، رېئال بولمىغان پاكىتلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان سىياسەتلەردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، دەپ سۆزلىگەن سۆزىنى نەقىل قىلىپ كۆرسەتتى.

شاپپورت ئەپەندى، رېئاللىق بۇنىڭدىن 25 يىل ئاۋۋالقى بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئالاقدار دېپلوماتىك قىياسنىڭ ئەھمىيىتىنى تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ھازىر ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەت مەۋجۇت، ئۇنىڭ بىرى ئەركىن، دېمۇكراتىك، تىنچلىق سۆيەر تەيۋەن. ئۇنىڭ يەنە بېرى جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى دەپ، كۆرسەتتى.

شاپپورت ئەپەندى، جۇڭخۇا ا خەلق رېسپوبلىكىسى 1949-يىلى قۇرۇلدى، ھازىرغىچە تەيۋەنگە بىر كۈنمۇ ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە سابىق پىرېزىدېنت لى دىڭ خۇي 1999-يىلى جۇڭگو تەيۋەن مۇناسىۋىتى "ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى"

دەپ كۆرسەتكەن. ئامېرىكا سىياسى نىشاننى تەرتىپكە سېلىپ، "تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى"غا بىنائەن ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم. " تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى" ، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ نېگىزى بولۇپ قېلىشى كېرەك. كونىراپ كەتكەن بىر جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى لازىم دەپ، كۆرسەتتى. ("دۇنيا گېزىتى")

**بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى**

2002-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى

ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى 25-كۈنى :" گەرچە ۋاشىنگتۇن بىلەن بېيجىڭنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىندىن بېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيمەن، "دەپ كۆرسەتتى.

باش ئەلچى :"كېلەر ئاينىڭ16 -كۈنى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو بېيجىڭدە ئۆتكۈزىدىغان سۆھبەتتە بىر نەتىجە بولىشى كېرەك، ئامېرىكا هۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ بىر تەرەپلىمە مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى قوللىمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باش ئەلچى، بېيجىڭدە ئامېرىكا سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە :"ئەگەر جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر، مەسئۇلىيەتچان ئەزاسى بولۇشنى خالايدىكەن، ئۇنداقتا جۇڭگو، خەلقئارادا بەزى نېزامنامىلارغا ئەمەل قىلىشى لازىم دەپ كۆرسەتتى "

باش ئەلچى :" ئامېرىكا،جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ بىر نەچچە نەپەر سىياسى مەهبۇسنى جۇملىدىن ( جۇڭگو دېموكراتلار پارتىيىسى) ، نى قويۇپ چىققان، 13 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن، شۈي ۋېنلى ئەپەندىنى ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ مۇددەتلىك 8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر سودىگەر ئايال رابىيە قادىر قاتارلىقلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى

ئۇمىد قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باش ئەلچى، :" ۋاشىنگتون، تەيۋەن بوغۇزىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئامېرىكا تەيۋەننىڭ بىر تەرەپلىمە مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى قوللىمايدۇ، ئوخشاشلا تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھەر قانداق بىر تەرەپنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىنى قارشى ئالمايدۇ، ئىختىلاپلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قوللايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باش ئەلچى، بىر يىل ئىچىدە پىرېزىدېنت بۇش بىلەن رەئىس جياڭ زېمىن ئۈچ قېتىم ئۇچراشتى. بۇ نىداق كۆرۈشۈش ئىككى دۆلەت رەھبىرىنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇچرۇشۇشى ئەمەسمۇ ؟دەپ، كۆرسەتتى. ("دۇنيا گېزىتى")

**ئامېرىكا**

2002-يىلى12 -ئاينىڭ21 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مەخسۇس ئەمەلدارى، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كىرەينېر ئەپەندى، مۇشۇ ھەپتىنىڭ3 -كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىدە كۆچمەن خىتايلارنىڭ ساقچى ئورۇنلىرى ئۇيغۇرستانلىق باي، سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنىڭ ئوغۇل -قىز تۆت نەپەر پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى چەكلىدى.

شاڭ گاڭ "ئالما گېزىتى "نىڭ" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى "دىن ئۇچۇرغا ئېرىشىپ -12ئاينىڭ20 -كۈنى تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئورۇنلىرى ھەپتىنىڭ2 -كۈنى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر پەرزەنتىنى ساقچى تۈرمىسىگە نەزەربەنت قىلىپ، كېيىن رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6- قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىپ تاكى لورېن كىرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەتكىچە نەزەربەنت

قىلدى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى،ئۇيغۇرىستان" شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى"دا نۇتۇق سۆزلىگەندە :"تىنچلىق سۆيەر ئۇيغۇر خەلقىنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك،رابىيە قادىرغا ئوخشاش تىنچلىق سۆيەر زاتلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك "دەپ، نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى.

رابىيە قادىر،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ 11-كۈنى قولغا ئېلىنىپ " چەتئەلگە ئاخبارات يوللىدى"، دېگەن جىنايەت بىلەن 8يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

**لورېن كېرەينېر ئەپەندى**

2002-يىلى12 -ئاينىڭ22 -كۈنى

"فىرانسىيە ئائاگېنتلىقى : "ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا،جۇڭگو دائىرلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ تەرتىپلىرىدىن ئېيتقاندا خەلقئارا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، دېدى دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقتا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى، جۇڭگودا 5 كۈن داۋاملاشقان زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ قېتىم بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆزەتكۈچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، قاتتىق ئۇرۇپ قىيناش، زوراۋانلىق بىلەن قولغا ئېلىش قاتارلىق مەسلىلەرنى تەكشۈرۈشكە يول قويغانلىقىنى مەدھىيەلىدى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى، باياناتىدا : جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەدبىرلىرىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى دەپ، كۆرسەتتى.

رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا سىياسى پاناھلىق تىلىگەن ئېرى سىدىقھاجى

روزنغا، ۋەتنى ئۇيغۇرستاندا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت -ژورناللارنى چىقىرىپ بەرگەنلىكتىن قولغا ئېلىنىپ، 8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلىنغان ئىدى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندى، ئۇيغۇرستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىگەندە : ئامانلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر -بىرىنى تولۇقلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

## ئامېرىكا 5

2002 -يىلى12 -ئاينىڭ27 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېمۇكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى، مۇنداق كۆرسەتتى: سۆھبەت ۋەكىللەر ئۇمىكىمىز بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ12 -ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى كەيپىيات جەھەتتە ئوچۇق بولدى، دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى : بۇ قېتىم بېيجىڭ تۇنجى قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىنى ئېتىقادقا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى، پۇقرالارنى ئىقتىيارى قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگان ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگودا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا دەرھال، شەرتسىز قوشۇلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جىنايەتچىلەرنى خورلاش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئالاھىدە ئەمەلدارلىرىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدە يىگى بىر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئېلان قىلغان باياناتى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتى ئورنىدا يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىندى. ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى بېيجىڭدە 16 -كۈنى باشلىنىپ 4كۈن داۋاملاشتى. ئامېرىكا تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بويول ئەپەندى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەلچىسى خوف ئەپەندى قاتارلىق كىشلەر بار ئىدى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئىش بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى تونۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بېيجىڭدە جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن لورېن كېرەيىنېر ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قەدىمى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، يەرلىك خاقان ۋاڭ لې چۈەن ۋە ختاي كۆچمەنلىرىگە ۋە ختاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتي بوش ئەپەندىنىڭ، يەر شارىنىڭ بۈگۈن ئۇيغۇرىستاندىكى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈپ : تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوزەك قىلالايدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق، دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭدە ئامېرىكا بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 24-كۈنى بىر نەپەر مەھبۇس ختاي - شۈي ۋېنلىنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى.

"قاپاق باش"،" ئەبگا "ئۇيغۇرلىرىم! ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ئىشلىرى بويىچە مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەيىنېر ئەپەندىنىڭ 12-ئاينىڭ 18-كۈندىن 19- كۈنگىچە ئىككى كۈن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغانلىقى توغرىسىدا سىدىقھاجى روزى يېزىپ قالدۇرغان جۈمللەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىدىقھاجى روزىنىڭ12 -ئاينىڭ بېشىدا روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن نېمىشقا تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى.......؟ دېگەن بىر جۈملە سوئالنى ئوتتۇغا تاشلاپ قويغانلىقىنى ئېسىڭلارغا ئالغايسىزلەر!

شۇنداق، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن 12-ئاينىڭ -3-2 كۈنلىرى تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى.....16كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نېمىشقا ئامرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت

ئشلار كاتىپى دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لورىن كىرەيىنىر ئەپەندى ئۇرۇمچىگە يىتىپ كەلدى؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچى ئاسمىنىغا سىگنال قويۇپ بىرىپ قارشى ئالدى. بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى باغلىنىشى زادى نىمە ؟!

**تىبەتلەر جۇڭگولۇق ئەمەس**

2003-يىلى1 -ئاينىڭ23 -كۈنى

تىبەت سەرگەرداﻥ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى ساڭ دۇڭ رىڭ بو 22-كۈنى تەيۋەن" بىرلەشمە گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇنداق كۆرسەتتى : تىبەت سەرگەرداﻥ ھۆكۈمىتى پىرىنسىپ جەھەتتىن شۇي بىيەننىڭ تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دىگەن سۆزىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدۇ، بۇ سىياسى مەسىلە ئەمەس( تازا سىياسى مەسىلە نىمىشقا سىياسى مەسىلە بولمايدىكەن)، بەلكى جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىكى پاكىتتۇر.

"تىبەت سەرگەردانلىرى فوندى جەمئىيىتى" ۋەكىللىرىنىڭ دارامسالانى زىيارەت قىلىپ، دالاي لامانى تەيۋەننى زىيارەت قىلىشقا يۈزمۇ-يۈز تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا ساڭ دۇڭ رىن بو : دالاي لاما پىرىنسىپ جەھەتتە تەيۋەننى زىيارەت قىلىدۇ، لىكىن ۋاقىت بېكىتىلمىدى، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما ئۆتكەن يىلى تىبەت سەرگەرداﻥ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى سايلامدىن ئۆتكەن ساڭ دۇڭ رىن بو ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى دىنى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەنتى.

مۇخبىر : تەيۋەننىڭ پىرىزىدىنتى چىن شۇي بىيەن ئوچۇق ئاشكارە ھالدا تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.ئۆتمۈشتە تەيۋەندە بەزى كىشىلەر، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللار جۇڭگولۇقلاردۇر، دىيىشكەن. بۇ توغرا ئەمەس ئىدى. تىبەتنىڭ سەرگەرداﻥ ھۆكۈمىتى چىن شۇي بىيەننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

جاۋاب: بىز بۇنداق ئاتاشنى قارشى ئالىمىز. بۇ يىڭىچە ئاتاش

ئەمەس. بەلكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان پاكىت. جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا تىبەتلىكلەر ھەققەتەن جۇڭگولۇق ئەمەس. بۇدىگەنلىك سىياسى ماۋزۇ ياكى ئىغۋاگەرچىلىك ئەمەس. بەلكى بىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

مۇخبىر : تەيۋەن ھۆكۈمىتى تىبەتلىكلەرنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ كېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە تىبەتلىكلەرگە تەيۋەن ھۆكۈمىتى جۇڭگولۇقلار قاتارىدا ئەمەس بەلكى تىبەتلىكلەر دەپ قاراپ تىبەتلىكلەر ئورنىدا مۇئامىلە قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

جاۋاب : رەسمىيەت ئاددىيلاشتۇرۇشنى قارشى ئالىمىز، بۇ لاھىيە بىر يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

مۇخبىر : يۇقىرىقى" فوندى "جەمئىيىتى دالاي لامانىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىشىنى يۈز تۇرانە تەكلىپ قىلسا، دالاي لاما تەيۋەننى3 -قېتىم زىيارەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب : بۇيىل ئۇ، تەيۋەننى3 -قېتىم زىيارەت قىلىشى مۇمكىن.

**ۋاشىنگتون**

2003-يىلى4 -ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۈگۈن :ئامېرىكا ئۆزۈندىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىنى چۆرۈپ تاشلاپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان قانۇن لاھىيىسىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار : بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا لاھىيە ئاتپشۇرۇش مۇددىتى تۈنۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى خەۋەرنى "فىرانسىيە ئاگېنتلىقى"غا ئېيتىپ بىرىپ، بىز جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى، دەپ ئەيىپلەپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ۋاشىنگتون، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن بۇ ئەمەلدار : مۇشۇ مەسىلىلەر بويىچە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بەزى ئىلگىرلەشلەرگە ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ توختاپ قالغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا ئەسلىگە كەلتۈردۇق، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار يەنە: بېيجىڭ تەرەپنىڭ بەزى ئىلگىرلىشىنى قولغا كەلتۈردۇق، بىز بۇنىڭغا ھەقىقى ئىشىنىمىز، شۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز.... گەرچە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۇزۇندىن بېرى ئوسال بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ........، دېدى. ( بۇ دەل رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكىمىتى ئورتاق پىكىرگە كەلگەن پەيتلەر ئىدى) بۇ خەۋەر مۇ ئوخشاشلا(" دۇنيا گېزىتى"دىن ئېلىندى )

**"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"**

2003-يىلى3 -ئاينىڭ16 -كۈنى

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگونىڭ سۆھبەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم نىشانى دەپ، كۆرسەتتى.

تىبەت مەسىلىسى ھەل قىلىنماي كېتىۋەرسە ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ، ئاق سارايىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان دوكلاتىدا تىبەت مەسىلىسى يۇقىرىقىدەك بايان قىلىندى.

جۇڭگو، تىبەت سۆھبىتى توغرىسىدا دوكلاتتا : جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىلھاملاندۇق، دېيىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق ئۇچرۇشۇپ تۇرۇشى

ئۈمىد قىلىندى. دوكلاتتا : جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لاھىيىسىنى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى تەپسىلى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

**دالاي لاما**

2003-يىلى5 -ئاينىڭ21 -كۈنى

دالاي لاما ئۆتكەن ئايدا دارامسالادا تېخنىكا پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تەيۋەنلىك سۈجىياخۋا ئەپەندىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى : ئەگەر مەن تىبەت ۋە جۇڭگوغا پايدىلىق ئادەم بولىدىغانلا بولسام، مەن جۇڭگوغا قايتىپ بارىمەن دەپ، كۆرسەتتى.ئەينى چاغدا بېيجىڭ بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ تەپەككۇر يولى "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" ، ئىدى، دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما.

سوئال : چەتئەل مەتبۇئاتلىرى سىزنىڭ ۋەكىللىرىڭىزنىڭ يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولدى، سۆھبەتنى تاماملايدىغان ۋاقىت جەدۋېلى بارمۇ،-يوق.

دالاي لاما : ھازىر كونكرېت ئىلگىرلەشنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس. ئۆتكەن يىلى 9-ئايداتىبەت بىلەن جۇڭگو سۆھبەتلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بىز مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملىششىنى تەدرىجى تىنچلىق سۆھبىتىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، ئارىمىزدا تېخى ۋاقىت جەۋېلى تۈزۈلمىدى.

سوئال : ئەگەر سىزنىڭ جۇڭگوغا قايتىشىڭىش كونكرېت كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايسى ئىشلارغا يول قويغاندا، سىز جۇڭگو قايتسام بولىدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن؟

دالاي لاما :مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەت ۋە جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، مەن قايتىپ بارىمەن. مەن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايمەن ئىسمى -جىسمىغا لايىق ئۆزىنى -ئۆزى باشقۇرۇش ئىشقا

ئاشدىغانلا بولسا، مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەتكە پەيدىلىق بو لىدىغانلا بولسا، جۇڭگو، تىبەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەرەققى قىلدۇرۇشقا، تىبەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشقا رول ئوينايدىغان بولسام مەن قايتىپ بارىمەن.

سوئال : ئەگەر جۇڭگو دائىرلىرى شاڭگاڭچە، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"'، تەساۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنداق تۈزۈمنى تىبەتنى باشقۇرۇش سىياستى قىلىپ بەلگىلەيدىغان بولسا، جاناپلىرى قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟

دالاي لاما : ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن 17ماددىلىق كېلىشىمنىڭ تەپەككۇرى، مەزمۇنلىرى "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم " تەپەككۇرىغا ئوخشاش ئىدى.

سوئال : تەن سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ تەيۋەن داۋالاش ئۆمىكىدىكىلەر سىزگە قانداق ياردەم قىلىشى مۇمكىن.

دالاي لاما: ئۆتكەن يىلى1 -ئايدا ئازراق زوكامداپ قالدىم. ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم.

سوئال : تەۋەندىكى سىياسى ئەربابلارنى قانداق باھالايمىز ۋە ئۇلارغا قانداق تەكلىپ قويىمىز ؟

دالاي لاما : مەن سابىق پىرىزىدېنت لى دىڭ خۇي بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم، توپ-تۈز شۇنداق سەممى ئادەم ئىكەن. مەندە چۇڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. لى دىڭ خۇي دىنغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. چېن شۈي بىيەن پىرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن يەنىلا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، تىبەتلەرگە ئىنتايىن كۆپ غەمخورلۇق قىلدى.

**ختاي يازغان ئاق تاشلىق كىتاب**

2003-يىلى 5-ئاينىڭ 27 -كۈنى

5-ئاينىڭ25 -كۈنى ختاي ھۆكۈمىتى تۈنجى قېتىم، "شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب " ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ تارىخىنى شەرھىلىدى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "ئېگىزلىك " مەيدانىنى بايان قىلدى ۋە "شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، سىياسى ئەھۋالىنى ھەمدە" شىنجاڭ " ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇرىستانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىش، كېلىپ -كېتىش تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

" ئاق تاشلىق كىتاب"، 22000خىتايچە خەت بىلەن يېزىلدى. 10 قىسىمغا بۆلۈندى. ئەڭ مۇھىمى" شىنجاڭ "مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

" ئاق تاشلىق كىتاب" ،" شىنجاڭ "ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ياشاپ كەلگەن رايون، ھازىر" شىنجاڭ"دا 47 مىللەت ياشايدۇ، جۇڭگودىكى 5 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى بىرسى ئۇيغۇرلاردۇر، 5ئاپتونۇم رايون ئىچىدىكى بىرسى" شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوندۇ." شىنجاڭ"نىڭ نۆۋەتتىكى نوپۇسى 19مىليون250 مىڭ نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ختايلارنىڭ نوپۇسى 8مىليون،280 مىڭ،" شىنجاڭ "نوپۇسىنىڭ 45% تىنى ئىگىلەيدۇ دەپ، كۆرسەتتى.

" ئاق تاشلىق كىتاب "تا يەنە مۇنداق كۆرسىتىلدى : ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەپ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە "تۈركىستان" دېگەن بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭ مەنىسى بۇ زېمىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى دېگەنلىك بولاتتى. تۈركلەرنىڭ زېمىنى سىر دەريانىڭ شىمالى پاسىلغا تۇتۇشۇپ كەتكەن شەرقى رايونلارنى كۆرسەتتى.18 -ئەسىرگە كەلگەندە "تۈركىستان " دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ جۇغراپىيىۋى مەنىسى مۇجىمەللىشىپ كەتتى. " شىنجاڭ" غەربى خەن دەۋرىدىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك، جۇڭگونىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان

بىر قىسمىغا ئايلانغان دەپ، كۆرسەتتى.
20-ئەسىر كىرگەندىن كېيىن،" شىنجاڭ "ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى، دىنىي ئاكابىرلار " شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى"، دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن دۆلەت قۇرماقچى بولدى ھەمدە جۇڭگو 3000 يىلدىن بېرى تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى، دەپ ئاتاشتى.
20 -ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە40 -يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەسلەن، 1933-يىلى قەشقەردە " ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇلدى،1944 - يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە "شەرقىي تۈركىستان " جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
20-ئەسىرنىڭ1990 -يىللىرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى، بۆلگۈنچىلەر، تېرورىزىملىق ھەرىكەتنى مۇھىم ھەرىكەت ۋاستىسىغا ئايلاندۇردىي. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن11" - سىنتەبىر" ، ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇ ش پائالىيىتى بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىيۇ،- لېكىن توختاپ قالمىدى.
1954-يىلى خىتاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى" شىنجاڭ"دا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بېيجىڭ يازغان "ئاق تاشلىق كىتاب"ئىدا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئىچكى - تاشقى مۇستەقىلچىلەرگە زەربە بېرىشتە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان بىر قوراللىق كۈچقا ئايلاندى، دەپ تەسۋىرلىدى.

" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"

2003-يىلى5 -ئاينىڭ28 -كۈنى

دالاي لاما تەشكىللىگەن ئەلچىلەر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە ئالاقىدار تەرەپنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى27 -كۈنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇشھال بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ پەيتتە دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنى قارشى ئېلىشنى قارار قىلغانلىقى، تىبەت ئاپتونوم رايونىغا ئەينى چاغدا سېكرېتار بولغان، بۈگۈن جۇڭگو دۆلىتىنىڭ سېكرېتارى بولغان خۇجىن تاۋنىڭ تۇنجى قېتىم دۆلەت رەئىسى سۈپىتىدە پرېزىدېنت بۇش بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىنى ئۆتكۈزۈش ھارپىسىدا پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىگە تۇتقان سوغىسى دەپ قارالدى.

ئامېرىكا ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدھىلەپ، سۆز -ئىبارىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىغا كەيپىيات مۇھىتى تەييارلىغاندەك بولدى.

ئۆتكەن يىلى9 -ئايدىن كېيىن دالاي لاما يەنە بىر قېتىم لودى گېرەينى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېروچىر ئەپەندى، 27-كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا باياناتىنى ئوقۇپ بەردى :ئامېرىكا 25-كۈنى جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ شاڭخەيدە دالاي لامانىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى لودى گېرەينى قارشى ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتى.

پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى ۋە دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى توغرىسىدا، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندى. ئامېرىكا، سۆھبەتلىشىش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىختىلابلارنى ھەل قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۆتكەن يىلى9 -ئايدا ئوخشاش ۋەكىللەر ئۇمىكى بېيجىڭ ۋە لىخاسانى زىيارەت قىلغاندا باياناتچى رىچارد بېروچىر باياناتىدا: بۈگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر جۈملىنى بايان قىلغان. ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى، ئۆتكەن يىلى باياناتچى رىچارد بېروچىر، مۇخبىرلار سوئال قويغاندىلا يۇقىرىقى جۈملىنى بايان قىلغان بۇ يىل باياناااتچى رىچارد بېروچىر، باشلىنىش بىلەنلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن باياناتىنى بايانات قىلدى.

ئىككى پارچە باياناتنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى، ئۆتكەن يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنى بىر جۈملە -سۆھبەتلىشىش تىبەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدۇ، دېگەن بىر جۈملە ئارتۇق قويۇلدى.

**نە دىسەن، مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر**

2003-يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى

-6ئاينىڭ-1 كۈنى ۋاشىنگىتۇندىن تېلېفون تاپشۇرۇپ ئالدىم. تېلېفون بەرگەن...كىشى بىلەن ۋاشىنگىتۇندا تۇرغان چاغلىرىمدا تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدىم.

-سىدىقھاجى ئولتۇراملا! رادىئودا ئىشلەيدىغانلارغا خەۋەر كەپتۇ......خىتاي ساقچىلار رابىيە خانىمنى تۈرمىدە ئۇرۇپتۇ....كېسەل بولۇپ قاپتۇ... ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن، دىدى تېلېفوندا.

گاڭگىراپ قالدىم، ھاڭ بېقىپ قالدىم....مۇمكىنمۇ؟ سوئال -سوراق تۇگىدى، كېسىم ئېلان قىلىپ بولدى، بۇ مۇمكىنمۇ ؟ باللىرىم تېخى يېقىندىلا تۈرمىگە چىقىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كىردىغۇ، خىتاي ساقچىلىرى كۆرۈشتۈرگەن ئىدىغۇ ؟ بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، بىر ئەنسىرەپ بىر تىتىلداپ، ئاۋۋال بۇ خەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق" كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نيۇ يورك باش شتابىغا، ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مېيكى خانىمغا بالامنىڭ ئەنگلىز تىلى ئارقىلىق

يەتكۈزدۇم. جاۋابنى ئېلىپ، تۆت بالامنى ماشىنىغا سېلىپ ماشىنا ھەيدەپ 6-ئاينىڭ3 -كۈنى ئوكلوخوما شىتاتىنىڭ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كەلدىم.

ماشىنىمىز مىسسىسىپى شىتاتىغا قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدى. ئازراق تاماق يەپ ئازراق دەم ئېلىشۋالماقچى بولدۇق. ئۇچرىغان ياتاقنىڭ باھاسى قىممەت،شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق. ئازراق يول ماڭغاندىن بىر ئارىيەگە( ئۆتەڭگە ) يېتىپ كەلدۇق.تاماقنىمۇ شۇ يەردە يەپ شۇ ئۆتەڭدە ئارام ئالماقچى بولدۇق. ماشىنىدا ئولتۇرغىنىمىزچە كۆزىمىزنى ژۇمۇۋالايلى دىدۇق. كۆزىمىز ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشۇدى. ماشىنىنىڭ ئىچى تىنجىق بولۇپ كەتتى. سوغاق ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭمۇ كۈچى يەتمىدى. ئېچىۋېتەيلى، يا، دېرىزىنى ئېچىۋېتەيلى دىدۇق ئېچىۋەتتۇق. تالادىن سالقىن كىرەمدىكى دىدۇق،-دە. نەدىكىنى، تالادىن ئۇچۇپ كىرگەن پاشىنى پۈت قولىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپمۇ قوغلاپ چىقىرالمىدۇق....... -ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى چىرىقنى يېقىۋېتە بالام.......ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن پاشىمۇ ياكى يىڭنە ئاغۇچمۇ....؟ خىتاي مۇمىسنى كۆتۈرۈپ قاچىدۇ، دېگەن پاشىنى كۆرگەندەك بولدۇم....ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كەلدۇق.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن. ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بەرگەن ئامېرىكا خەلقى، ئۇيغۇرلارنىڭ پۇلى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئامېرىكا خەلقى، قوشۇمچە رادىئوغا سۆزلەيدىغان، ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بىكارلىق تېلېفون يولىمۇ ئېچىپ بەرگەن ئىدى. خۇدا مۇمكىنلىك يارىتىپ بەرگەن، جۇرئەت ئاتا قىلغان ئۇيغۇرلار شۇ تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق رادىئوغا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ تۇراتتى، سۆزلەپ تۇراتتى. بۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچۈلۈكى، بېيجىڭ، گۇۋاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە تىجارەت بىلەن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىدى.

6-ئاينىڭ1 -كۈنى خوتەنلىك بىر نەپەر يىگىت بىكارلىق تېلېفون يولى ئارقىلىق "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمگە تېلېفون

بىرىپ :

-يېڭىلا تۇرمىدىن چىققان ئانىسىنىڭ تۇرمىدە رابىيە قادىر بىلەن بىللە بىر كامېرغا بىللە سولانغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتىغا ئالاقىدار مەلۇمات، رابىيە قادىرنىڭ ئامانەت گەپلىرىنى رادىئوغا، ئابلىكىم باقىغا يەتكۈزگەن ئىكەن. ئابلىكىم باقى خوتەنلىك يىگىتىنىڭ بىكارلىق تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق ئابلىكىم باقىغا سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئۇن ئالغۇ لېنتىسىغە ئېلىۋالغان ئىكەن. مەن بۇ لېنتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كېچىلەپ قىزىم ئەقدە م ئەنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ھېلىقى ماڭا تېلېفون بەرگەن تونۇشۇممۇ بۇ خەۋەرنى ئابلىكىم باقىدىن ئاڭلاپ، ئابلىكىم باقى بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ماڭا يەتكۈزگەن ئىكەن.

رابىيە قادىرنى يەنە ساقچىلار سوئال -سوراققا ئېلىپ چىقىپ، ئامېرىكا بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار، دەپ سوراق قىلىپتۇ....كېيىن ساقچىلار ئۇرۇپتۇ. رابىيە قادىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. رابىيە قادىر تۇرمىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقالمايدىكەن.....ئاجىزلاپ كېتىپتۇ....يېڭى كىرگەن سىياسى مەھبۇس ئايالالار بىلەن رابىيە قادىرنى كۆرۈشتۈرمەيدىكەن، ئۇچراشتۇرمايدىكەن....ئىككى نەپەر خىتاي ئايال جىنايەتچى رابىيە قادىرنى نازارەت قىلىدىكەن . دېگەن مەزمۇنلارنى كېچىلەپ تەرجىمە قىلىپ يۇتتۇردۇق.

ۋاشىنگتونغا بىرىپ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە داۋا قىلىشىم كېرەك ئىدى." كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مېيكى خانىم،تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇردى:

-سىلەر ئاۋۋال" كۈزەتكۈچى" تەشكىلاتىمىزنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسىگە بېرىڭلار،سىلەرنى بىر كىشى كۈتۈپ ئالىدۇ، تاشقى ئىشلار

مىنىستىرلىكى بىلەن كۆرۈشۈشنى شۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېدى، تېلېفون ئارقىلىق.

ۋاشىنگتوندا يېتىپ كېلىپ" كۆزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ئىزدەپ تاپتۇق. مېنىڭ 20ياشلىق قىزىم ئەقىدەم بىلەن تەڭ دىمەتلىك بىر قىز، لىز ئىسىملىك بىر قىز ئالدىمىزغا چىقتى. ئىشخانىغا كىردۇق بىر سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. سۆھبىتىمىز ئاساسى جەھەتتىن رابىيە قادىرنىڭ تۇرمىدىكى ھاياتىغا مەركەزلەشتى. ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت 3دە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ كۈن2003 -يىلى 6-ئاينىڭ5 -كۈنى ئىدى. 5مىنۇتتىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن مارك ئىسىملىك بىر ئەپەندىم ئالدىمىزغا چۈشتى. بىزنى3 -قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى.

قىزىم ئىككىمىزنى،

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدېرى، سۆزىن خانىم، شۇ ئىشخانە خادىمى مارك ئەپەندى قاتارلىق كىشلەر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى.

باش ئەلچى ئاۋۋال سۆز ئېلىپ:

-رابىيە قادىر تولۇق غەلىبە قىلغان سودىگەر ئايال. مەن بېيجىڭدە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىمدە بىرىنچى بولۇپ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلىمەن.... رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى، تۇرمىدىكى ھاياتى مەسىلىسى خىزمەتلىرىمدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ،دېدى.

ئارقىدىن مارك ئەپەندى سۆز ئالدى:

-رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىمە، ئەگەر تاسادىپ بىر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە

نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئامېرىكا خەلقىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ بىز (ئامېرىكا )رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، يەنە داۋاملىق شۇنداق ئىشلەيمىز.ئۆتكەن يىلى12 -ئايغىچە رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىدى، بۇ يىل3 - ئايدىن باشلاپ رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى ئىككى دۆلەت( ئامېرىكا، جۇڭگو )ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. (دېمەك، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى، رابىيە قادىر مەسىلىسى بىر سىياسى مەسىلىگە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر سىياسى مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى، دېگەنلىكمۇ،-بۇ ؟ )مارك ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: يەنە داۋاملىق رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خىزمەت ئىشلەيمىز.... مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى 2003-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگوغا زىيارەتكە بارماقچى ئىدى.....لېكىن جۇڭگودا سارىس كېسىلى يامراپ كەتكەنلىكتىن، مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى جۇڭگو زىيارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دەپ كۆرسەتتى.

مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى ئەپەندىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى قانداق مۇناسىۋەت دائىرىسىگە كىرىپ قالدى ؟ دېمەك، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەندە...... !ئەسلىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلماقچى بولغان مۇئاۋىن پرېزىدېت دىك چېنى ئەپەندى رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرتى قىلغان بولىسا كېرەك. رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىگەندىن كېيىن مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دېگەن گەپ. بىر نەپەر دىپلومات كىشى، ئامېرىكىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان كىشى ماڭا، مەندەك بىر ئاددى ئادەمگە ئىشنىڭ ئەسلىنى توغرىدىن -توغرا سۆزلەپ بەرمەيدۇ،- دە!

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى ئىككى دۆلەت ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن

بولسا، ئۇ هالدا بۇ ئىش يالغۇز رابىيە قادىرنىڭلا سىياسى ئىشى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسى ئىشى بولۇپ قالىدۇ.....

رەھبەرلەر بىزنى ئۇزۇتۇپ قويدى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتۇق. دۇنيانىڭ قورغىنىغا، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى، بەختەرلىكىنى قوغدايدىغان قورغانغا كىرىپ چىقتۇق. بۇ قورغاندا ئۇيغۇر مەسلىسى، رابىيە قادىر مەسلىسى دەيدىغان هازىرقى زاماننىڭ سىياسى تەلەپلىرى كۈن تەرتىپىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى بىر سىياسى مەسلە بار ئىدى.

"كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ كادىرى لېز خانىم:

8 - چىسلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى جۇڭگۇ كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇق، ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، ئاڭغىچە مەن سىلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، دىدى. شۇ ۋەجدىن شەنبە، يەكشەنبە ئىككى كۈن ۋاشىنگتۇندا تۇرۇپ قالدىم. لېز خانىم ۋە مەن باللىرىم بىلەن بىللە8 -كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت:3 دە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگۇ كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا يىتىپ كەلدۇق. ئىشخانە ئەزالىرى بىزنى شۇنداق ئۇچۇق-يۇرۇق، شۇنداق ئەستايىدىل، قىزغىن كۈتۈپ ئالدى. جۇڭگۇ كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ دېرىكتورى جونى فورد ئەپەندى،رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئۇمۇمى يۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ئاخىردا:

-پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ، موسكۋادا ئۇچرۇشۇشتىن بۇرۇن، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، ئىدى.نېمە ئىش بولدى، يەنە نېمە ئۆزگىرىش بولدى، بىلەلمىدۇق، دىدى.

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ موسكۋادا ئۇچرۇشۇشتىن بۇرۇن دېگەن سۆز :روسىيە فېدېراتسىيسىنىڭ

پرىزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ئەپەندى، پېتىر بورگ شەھرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 300يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەر دۆلەت باشلىقلىرىنى شەھەر قۇرۇلۇشىنى خاتىرلەش مۇراسىمغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلغان. پرىزىدېنت بوش ئەپەندى مۇراسىمغا ئەلۋەتتە يېتىپ باراتتى. بۇ كۈن5 - ئاينىڭ6 -كۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى. پرىزىدېنت بوش ئەپەندى موسكۋادا ۋە پېتىر بورگدا خۇجىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 8دۆلەت يىغىنىغا قاتنىشىش.ئۈچۈن فىرانسىيگە يۈرۈپ كېتەتتى.

بۇ قېتىم مېنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش شۇ بولدىكى،مەيلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بولسۇن ياكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىدا بولسۇن، مېنى ۋە بالىلىرىمنى ئاجايىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بۇ كىشىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ دەرىجىسگە باراۋەر ئىدى.ھاياجانلاندىم...ھەيران قالدىم.... مەن كىم ئىدىم.... خىتايغا قۇل بولغان ئادەم ئىدىم...رابىيە قادىرنىڭ ئەمدى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولىشىغا ئىشەندىم، بەلكى تولۇق ئىشەندىم.

ئوكلوخوما شىتاتىغا مەن تۇرۇۋاتقان شانى شەھرىگە قايتىپ كەلدىم. 6- ئاينىڭ 14 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تور بىتى ئارقىلىق باش ئەلچىنىڭ ۋاشىنگىتۇنغا،"كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نيۇ يورك ئىشخانىسىغا رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكى" ياخشى" ، دەپ يوللىغان، ئەنسىرىمە دەپ قوشۇپ قويغان خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. خۇدا دېدىم يېنىك تىن ئالدىم.

**دۆلەت مەجلىسى**

2003 -يىلى6 -ئاينىڭ18 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى 17-كۈنى " شاڭگاڭنىڭ ئەركىنلىكىنى قوللاش قانۇن لاھىيىسى "نى قارشى ئاۋازسىز ماقۇللاپ، شاڭگاڭدا قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنى بىۋاستە سايلاشنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇپ، سايلامدىن ئۆتكەن قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ، شاڭگاڭنىڭ نىگىزلىك قانۇنىڭ 23-ماددىسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۇرغۇزۇش مەسىلىسى رەت قىلىندى.

"قانۇن لاھىيىسى"دە شاڭگاڭنىڭ نۆۋەتتىكى نىگىزلىك قانۇنىنىڭ23 - ماددىسى ئەيىپلەندى، تەنقىد قىلىندى. " نىگىزلىك قانۇن "نىڭ 23-ماددىسدا ئەركىنلىك چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، -23ماددىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لاھىينى بىكار قىلىش تەلەپ قىلىندى.

بۇ قانۇن لاھىيىسنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەزاسى نەنسى فىلوسى قاتارلىق دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

" قانۇن لاھىيىسى"دە23 - ماددىغا ئاساسەن قانداقتۇر يەنە بىر قانۇن تۇرغۇزۇش ئەيىپلىنىپلا قالماستىن بەلكى، ئىدىيە، يىغىلىش، ئاخبارات، سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىق نىگىزلىك ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشى ھەم ئەيىپلەندى. قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنى خەلق سايلاپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق، سايلام ئارقىلىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش شەكلى بويىچە مەسىلە ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

" قانۇن لاھىيىسى"دە : ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگۇ ھۆكۈمىتگە بېسىم ئىشلىتىشى تەلەپ قىلىندى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى :شاڭگاڭنىڭ خەلقئارا ئوبرازى23 -ماددىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەگەر23 -ماددا ئاساسىدىكى يېڭى قانۇن

لاهيسى كۈچقا ئگه بولدىغانلا بولسا، بېيجىڭ فالۇن گۇمپسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى باستۇرىدۇ، ئامېرىكا، لى جۇ مىڭ( شاڭگاڭلىق دېموكرات ئادەم) قاتارلىق دېموكراتلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى قوللىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

**رادىئودىن ئاڭلىغان خەۋەر**

2003-يىلى6 -ئاينىڭ21 -كۈنى

بۇ خەۋەرگە ئاساسلانسام، ئامېرىكىدا 100 نەپەردىن ئارتۇق تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، ئالىملار، سىياسىئون، دوكتورلار، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا توپلىنىپ مەخسۇس ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا يىغىن ئاچتى.

-ئۇيغۇرلار، دېدى ئالىملار : دۇنيادا مەدەنىيەتلىك تۆت مىللەتنىڭ بىرى؛ 10 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايلار بۇنداق بوزەك قىلىدىغان بولسا، خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلاشماي قالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەك.

6-ئاينىڭ26 -كۈنى ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك بويىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى،" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە نۇتۇق سۆزلەپ :رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا، بۇ يىل3 -ئايدا كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا، جۇڭگو )ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.....جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى يېقىندا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىگە ئىشىنىمەن.....دەپ كۆرسەتتى.

**شياڭگاڭ**

2003-يىلى 7-ئاينىڭ1 -كۈنى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك،6 -ئاينىڭ17 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى شاڭگاڭ توغرىسىدا" قانۇن لاھىيە " ماقۇللىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ شاڭگاڭغا كۆرسەتكەن غەمخورلىقى شاڭگاڭ خەلقىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت ئاتا قىلدى. تەسىرلەنگەن شاڭگاڭ يۇقىرالىرى7 -ئاينىڭ1 -كۈنى شاڭگاڭ دېمۇكراتىك ھەرىكىتىنىڭ نامايەندىسىنى تىكلىدى.1 مىليۇن كىشلىك زور كۆلەملىك نامايىشچىلار قوشۇنى پۈتۈن دۇنيانى ئەمەلى ھەرىكىتى ئارقىلىق تەسىرلەندۇرۇپ زىلزىلىگە سالدى. نامايىشچىلار جۇڭگۇ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە، شاڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمىتىگە سىگنال بېرىپ: خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ،دىدى.

ئېگىزلىك قانۇنىنىڭ23 -ماددىسىغا ئاساسلىنىپ، باستۇرۇش ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزماقچى بولغان جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىگە بۇ قېتىم شاڭگاڭلىقلار ياق دېدى. شاڭگاڭلىقلار، تىنچلىق ئىچىدە ۋە ئەقلى كامالەت ئىچىدە نامايىش قىلىپ، بىر تامچە قان تۆكمەي، بېيجىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى." شەرەپلىك ئىنقىلاب " دەپ تەرىپلەنگەن بۇ قېتىمقى نامايىش تارىخقا ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ يېزىلدى.

شاڭگاڭنىڭ ۋە دۇنيانىڭ جامائەت پىكرى1 : ئىيۇل نامايىشى ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، 6 يىلدىن بېرى جۇغلانغان نارازىلىق تۇيغۇلىرى، خەلق زېھنىنىڭ چېچىلىپ تۇرۇشى، 23-ماددىغا ئاساسلىنىپ قانۇن تۈزۈشنىڭ قىستاپ كېلىشى، ئۈمىد بىلەن غەزەپ جۇغلىنىپ كۈچقا ئايلىنىپ پارتلاپ چىققان ھامان دەھشەتلىك غەزەپ دولقۇنىغا ئايلاندى، دېيىشتى.

7 -ئاينىڭ1 -كۈنى زوراۋان كومۇنىست جۇڭگولۇق ئۈچۈن سەلبى تەجرىبىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن خىتايدا كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلغان تارىخى كۈن بولۇپلا قالماستىن،1997 -

يىلىنىڭ شۇ كۈنىدە، شاڭگاڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، شاڭگاڭ جۇڭگولۇقنىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەن كۈن ئىدى. 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە شاڭگاڭلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى شاتلىقىنى كۆرگىلى بولمايلا قالماستىن تېلېۋىزور ئارقىلىق كىشىلەر قانچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان كوچىلاردا دەر غەزەپ بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ دولقۇنىنى، ھەيۋىسىنى تاماشا قىلدى. شاڭگاڭلىق بۈگۈن بىخەتەرلىكنى، ئەمىنلىكنى ۋە خاتىرجەم ھاياتنى ئىزدەپ كوچىغا چىققان ئىدى. پۈتۈن دۇنيا1 مىليۇن شاڭگاڭلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار شاڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلدى. شاڭگاڭلىق سىياسى سوتسىئولوگ ۋو گو گۋاڭ ئەپەندى : شاڭگاڭ تۈگەشتى،" بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" سىياستى شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

6يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۈگۈنكى ئەمەلىيەت، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم " سىياستىنىڭ پىرىنسىپ ئورنىدا بىر خاتا سىياسەت ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائى تۈزۈم سۈپىتىدە ئوتۇپىيە، خام -خىيال ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەت ئالدىدا ئۆزىنى -ئۆزى ئالداش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى.

" بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" تارىخنىڭ، زاماننىڭ، رېئاللىقنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىدى. شاڭگاڭ تۈگەشتى، شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، كوممۇنىست مىللەتچى خىتايلار شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى.

**ۋاشىنگتون**

2003-يىلى7 -ئاينىڭ3 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، 1-كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگونىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن، جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يى ئەپەندىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىدا

سۆھبەتلەشتى.

جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرسى بارغانسېرى ئېغىرلاشقانلىقتىن كولىن پوۋېل ۋە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج ئەپەندى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭيىغا : بىز (ئامېرىكا) جۇڭگودا دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقنا جىددى كۆڭۈل بۆلىمىز، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېروچېر ئەپەندى، 2-كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا:1 - مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج، جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل سۆھبەتكە ئارىلاشتى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ خەۋەرنى گېزىتلەر بەس -بەستە خەۋەر قىلىشتى.(" دۇنيا گېزىتى )"

## رەندى شېرپىۋېر ئەپەندى

2003-يىلى7 -ئاينىڭ 16 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى،16 -كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى : بېيجىڭ بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئامېرىكىنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرسىنى ئەيىپلەپ، لاھىيە ئوتتۇرىغا قويماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەرگەن لېكىن جۇڭگو ھازىرغىچە ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرپىۋېر ئەپەندى، ئۇلار جۇڭگو قارا چىقىرىشتىن بۇرۇن بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بىز( ئامېرىكا) ئۇ ئىشلارنى سىناپ بېقىشنى بىلدۈرگەن ئىدۇق.ئەپسۇسكى ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسى ئەسلا ياخشى

بولمدى، دەپ كۆرسەتتى.

رەندى شىرپېۋىر ئەپەندى، مۇنداق كۆرسەتتى : ۋاشىنگتۇن، شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىشىغا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايانات قىلىپ جاكارلىشىنى، خەلقئارا قىزىل كرىست جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگودا ئەبەدى ئىشخانە قۇرۇشىغا يول قويۇشىنى،بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايرىم ئورگانلىرىدىن ئالاھىدە دوكلاتچىلارنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ-كېلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىنى ھەمدە بەزى سىياسى مەھبۇسلار ئۇستىدە تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن قىياستا سىناق ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

رەندى شىرپېۋىر ئەپەندى،" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى" ، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لاھىيە ئوتتۇرىغا قويماسلىقى توغرىسدا ئامېرىكىنىڭ كاپالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى جەھەتتە ئىلگىرلەشكە ماقۇل بولغان ئىدى،لېكىن بىز( ئامېرىكا ) ھازىرغىچە كۆرۈشنى خالىغان ئىلگىرلەشنى كۆرەلمىدۇق. بەلكى ئۇلار، جۇڭگولۇقلار بىز ئاللىقاچان ئامېرىكىغا چۈشەندۈرگەن ئىدۇق دەپ، سەۋەپ كۆرسىتىشلىرى مۇمكىن. ئەمما جۇڭگونىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھېچ قانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق. شۇڭا بىز ئامېرىكا،جۇڭگو تېخمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك دەپ، قارايمىز.

ئامېرىكا بۇ يىل4 -ئايدا ئەنئەنىۋى خىزمەت ئۇسۇلىغا قارشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى قارار قىلدى. ئىككى ھەپتە ئۆتە -ئۆتمەيلا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى دەپ، تەنقىد

قىلدى.

رەندى شىرىيېۋىر ئەپەندى، رادىئوغا سۆزلىگەندە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدى، رەندى شىرىيېۋىر ئەپەندى 7-ئاينىڭ14 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بەرگەندە : ئامېرىكا، جۇڭگۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى جۇڭگۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتتى، دەپ سوئال قويۇلغاندا رەندى شىرىيېۋىر ئەپەندى، جۇڭگۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى يېقىندا، پات ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، دەپ كۆرسەتكىنىدى. لېكىن ختاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"، رەندى شىرىيېۋىر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى خەۋەر قىلغاندا ئۇنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېلان قىلمىدى، خەۋەر قىلمىدى.

### تەيۋەن

2003-يىلى7 -ئاينىڭ26 -كۈنى

تەيۋەن پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۇ يى رىن 22-كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كەلگەندە، ئېھتىمال قىزىل جۇڭگۇنىڭ تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە ئىككى نەپەر ئەمەلدارى چىن يۈن لىن ۋە جۇمىڭ ۋى قاتارلىق ئەپەندىلەرنىڭ ئوخشاش بىر كۈندە ۋاشىنگتۇنغا مەخپى زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدى، بولغاي.

گېزىت ۋە تور بەت خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا چىن يۈن لىن ۋە جۇمىڭ ۋى قاتارلىقلار ۋاشىنگتۇندا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن قىزىق نوختىلار ئۈستىدە- چوڭ -چوڭ ئىشلار ئۈستىدە تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. بېيجىڭ، تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكتى يولغا قويىلىدىغانلا بولسا، بۇ تەدرىجى تەيۋەن مۇستەقىللىقىنىڭ تۈنجى قەدىمىگە يول ئاچقانلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى.ھەممىگە ئايانكى، ئامېرىكا بىر قانچە قېتىم تەيۋەننىڭ ئۇمۇمى

خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ لېكىن تەيۋەندە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكىتىنى قوللاش ۋەزىيىتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئېنىقكى، بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ زادى ئويۇننى راست ياكى يالغان ئويناۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان.شۇڭا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىن يۈن لىن ۋە جۇمىڭ ۋىلار ئامېرىكىغا مەخپى يېتىپ كەلگەن.

مەتبۇئاتلار ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج ئەپەندى چىن يۈن لىن قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىك تاشقىرى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا بولىدىغان ئورتاق تونۇشقا كېلىشتى. لېكىن ھېچ بولمىغاندا مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج، ئىككى قىرغاق مەسىلىسىنى ئىككى قىرغاق خەلقلىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا دەيدۇ، خىتاي مىللەتچىلىرى : ئامېرىكا بېيجىڭنىڭ پىكرىگە سەل قارىمىدى.

تەيۋەن ئەمەلدارلىرى : نۆۋەتتە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىلگىرلەش كۆرۈلدى، دەپ قارىدى. جۇڭگو دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىڭ گو، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل بىلەن ئىككى يېرىم سائەت سۆھبەت قۇرۇپ، سۆھبەتلىشىش رىكوردىنى بۇزۇۋەتتى.ئارقىدىنلا بىر ھەپتە ئۆتە -ئۆتمەيلا چىن يۈن لىن قاتارلىقلار ۋاشىنگتونغا قاتراپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇ بولدىكى، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېلنىڭ،22 -كۈنى " ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ مۇخبىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا دېگەن گەپلىرى يۇقىرىقى سۆزلەرگە دەلىل بولالايدۇ.

كولىن پوۋېل ئەپەندى، يالتاچلا مۇنداق كۆرسەتتى: پرېزىدېنت

بوش ھۆكۈمىتى 10يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەسىلە ئۇزۇن -كېسىل ئۇستەلگە چىقتى، دىدى. (نېمىدۇ، نېمە مەسىلىدۇ، ئۇزۇن -كېسىل ئۇستەلگە چىققان قايسى مەسىلىدۇ ؟)

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى : تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يۈز بىرىش مۇمكىن بولغان ئىشلار، بېيجىڭ، تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە سەزگۈرلۈككە نىسبەتەن ئامېرىكا، داۋاملىق ھوشيارلىقنى ساقلاپ كەلدى. قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئامېرىكا جۇڭگوغا مۇكەممەل بىر پىلاننى تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى. (نېمە پىلاندۇ، بۇ پىلاننىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، تىبەتلەرمۇ بارمىدۇ ؟)، ("دۇنيا گېزىتى")

**ياشا ئامېرىكا**

2003-يىلى7 -ئاينىڭ27 -كۈنى

ختاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىن گو ئەپەندى، ۋاشىنگتونغا مەخپى يىتىپ كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل بىلەن ئىككى يېرىم سائەت مەخپى سۆھبەتلىشىپ، سەھبەتلىشىش رىكوردىنى بۇزۇۋەتتى. ئېنىق بولمىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا دەپ باشلىغان ئەيزىتلەرنىڭ خەۋرىگە ئاساسلانغاندا، دەي بىنگو ئەپەندى، 7-ئاينىڭ14 -كۈنى ئەتراپىدا ۋاشىنگتوندىن قايىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا جۇڭگۇنىڭ يەنە باشقا ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چېن يۈن لىن ۋە جۇ مىڭ ۋى قاتارلىقلار ۋاشىنگتونغا مەخپى يىتىپ كەلدى. -7ئاينىڭ22 -كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتاج ئەپەندى بۇلارنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يەنە شۇ22 -كۈنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى،" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، " پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى...نېملا بولسا ئامېرىكا،

جۇڭگوغا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى.

يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپلىرىگە قارايلۇق، خىتاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىنگو ئەپەندى،7 -ئاينىڭ14 -كۈنى ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋىر ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بەرگەندە : خىتاينىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ( بۇ دېگەنلىك 2002-يىلى جياڭ زېمىن تەختىن چۈشتى، خۇجىنتاۋ تەختكە چىقىپ يېڭى ھۆكۈمەت بولدى، دېگەنلىك ئىدى)، يېقىندا، پات-ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، دەپ دوكلات قىلغان ئىدى.7-ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، " پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.... نېمىلا بولسا ئامېرىكا، جۇڭگو تەرەپكە مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى...دەپ، كۆرسەتكەندىن كېيىن، 7-ئاينىڭ24 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋىر ئەپەندى، رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم رادىئوغا سۆزلىگەن سۆزىدە :"ئۇيغۇرلار قەدىمى مىللەت....جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئەگەر، ئۇيغۇرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭدىن زىيادە ئەنسىرەشكە توغرا كېلىدۇ.... جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى لازىم، رابىيە قادىر، تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەخت، ئامەتتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە ئۇيغۇرلار مەسلىسىمۇ ئورۇن ئالدى،

دېگەن گەپ ؛ ئۇيغۇرلار مەسلىسى بويىچە ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى دېگەن گەپ ؛ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە نىسبەتەن بەختىسىزلىكتىن ئېيتقاندا، مەسلىنىڭ سىياسىۋىلىك تەرىپى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى دېگەن گەپ ؛ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج ئەپەندى، شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋېر ئەپەندىلەر جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇرغان" مۇكەممەل پىلان" نىڭ ئىچىدە تەيۋەن مەسلىسى بارمۇ، -يوق، تىبەت مەسلىسى بارمۇ،-يوق، ئۇيغۇرىستان مەسلىسى بارمۇ، -يوق؟ كىم بىلىدۇ ؟ خۇدا، خۇدا، بىر خۇدا بىلىدۇ.

تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۇ يى رىن ئەپەندى 22-كۈنى ۋاشىنگتونغا يىتىپ كەلدى دېمەك،" مۇكەممەل بىر پىلان" ئىچىدە تەيۋەن مەسلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقبىز ؛ دالاي لاما 9-ئايدا ئامېرىكىنى، ئاقسارايىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى،. دېمەك، "مۇكەممەل بىر پىلان " ئىچىدە تىبەت مەسلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقبىز ؛خىتاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىنگو ئەپەندى، ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كېتىپلا بىر كۈن ئۆتە -ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋېر ئەپەندى ئامايرىكا دۆلەت مەجلىسگە،7 -ئاينىڭ16 -كۈنى دوكلات بەرگەندە، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 7-ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋېر ئەپەندى،7-ئاينىڭ24 -كۈنى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسى توغرىسدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسلىسى توغرىسدا رادىئوغا سۆزلىگەندە كىشلىك دائىرىسىدىن ئالقىپ چىقىپ، مەسلىنى سىياسەت خاراكتېرلىك

يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىقتى.......دېمەك،" مۇكەممەل بىر پىلان " ئىچىدە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىمۇ بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقىمىز.

مۇشۇ ۋەزىيەتنى مۇشۇنداق كۆزىتىۋاتقان مەندىن باشقا يەنە بىر ئۇيغۇر بارمىدۇ؟ مېنى ماختاندى دېمەڭلار ۋەتەنداشلىرىم! سىياسەت ساھەسىگە كىرگەن ئادەم رەئىس بولۇش، لىدىر بولۇشقىلا ئەمەس، سىياسەتنىڭ كېلىپ -كېتىش جەريانىغا زى-زەۋىرىگىچە دىققەت قىلىش لازىم بولىدۇ. دېمەك، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ستىراتېگىيىلىك سىياستى دائىرىسىدە ئۇيغۇرلاغا بىر ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلدى،دېگەن گەپ." دۇنيا گېزىتى "تەھلىل ماڭا ھېساب گېزىتكە ئەمەس.

**تىبەت**

2003-يىلى8 -ئاينىڭ26 -كۈنى

تىبەتلەرنىڭ دائىسى دالاي لاما، فرانسىيە" ئازادلىق گېزىتى" مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا :"مېنىڭ ۋەكىللىرىم بېيجىڭدە، بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن تىبەتكە تېخىمۇ زور ئۆزىنى -ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى لېكىن، سۆھبەت كەلگۈسى ئىككى ئۈچ يىل ئىچىدە ئەتىجىگە ئېرىشىشى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، تىبەت ياشلىرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى بېسىپ قويۇشقا مېنىڭ ئامالىم يوق دەپ، كۆرسەتتى. دالاي لامانىڭ مۇخبىر بايان قىلغان سۆھبىتى بۈگۈن فرانسىيىنىڭ" ئازادلىق گېزىتى "گە بېسىلىپ چىقتى.

قارىغاندا دالاي لاما بىلەن خىتاينىڭ سوغاق مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە مۇز ئېرىشكە باشلىدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشھالمان. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى ئىلگىرلەشكە ئېرىشەلمىدى، دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما. تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيى مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشىمدىن نارازى بولۇپ، ياشلار قۇرۇلتىيى پەقەت خىتايدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما :" سەۋرى تاقەتلىك بولۇش كېرەك،بىز تېخى ئۆتكەن يىلدىلا ئىككى تەرەپ ئۇچرۇشۇشىشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، ئەگەر ئىككى، ئۈچ يىلغىچە بىرەر نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقمايدىكەن، مەن تىبەت ياشلىرىغا ئوتتۇرا يولدا مېڭىش مەيدانىمنى چۈشەندۈرەلمەيمەن، لېكىن مەن مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ، كۆرسەتتى.

دالاي لاما :" تىبەت بىلەن جۇڭگۇ ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئۇچرۇشۇشنى قارشى ئالىمەن، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ماڭا " ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى بولدى، دىدى. مەن يەنە باشقا ئۇچرۇشۇشلارنىڭمۇ شۇنداق بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئۇچرۇشۇشلارنىڭ ئاخىرى ئەستايىدىل سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ كۆرسەتتى. -ھازىرغىچە نېگىزلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80يىللاردىن باشلاپ بىز تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، بۇ تەرەپ جۇڭگوغا ئىنتايىن ئېنىققۇ؟ - دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما.

تەھلىلچىلەر :تىبەت بىلەن بېيجىڭنىڭ ئۇچراشقانلىقى بېيجىڭنىڭ تىبەت مەسلىسى بويىچە قاتتىق مەيدانىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، دېيىشتى.

**پىرېزىدېنت بوش**

2003-9 -ئاينىڭ11 -كۈنى

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى،11 -كۈنى دالاي لامانى ئاقسارايدا قوبۇل قىلدى. دالاي لاما تىبەت مۇستەقىللىقىنى تەكىتلىمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلدى ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەدەپ تىبەتتە، تىبەت مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ھەم جىددى كۆرسەتتى.

قوبۇل قىلىشتىن كېيىن دالاي لاما :پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىلەر تىبەت خەلقىنىڭ ھازىرقى

ئەھۋالغا، تىبەت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلدى، ھېسداشلىق قىلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئامېرىكا ۋە ئامېرىكا خەلقى تىبەت مەسىلىسى بويىچە قولىدىن كېلىدىغان ئىشىنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما: تىبەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان ھامان، بېيجىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ئەمەلىي ھەل قىلغان ئەھۋالدا مەن تىبەتكە قايتىپ بارىمەن، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما پرېزىدېنت بۇشنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا ئاقسارايدا لورا بۇش خانىم بىلەن كۆرۈشتى.

پرىزدېنت بۇش ئاقسارايدا دالاي لامانى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى:

-پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشنى قوللايدىغان مەيدانىنى قايتا شەرھىلىدى. پرېزىدېنت بۇش ۋە دالاي لاما بىردەك، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو كۈچلۈك ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى لازىم، دەپ قارىدى دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى : تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن بېيجىڭنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى شاڭگاڭ ۋە تەيۋەن مەسىلىسگە ئەمەلى تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر جۇڭگو، تىبەت مەسىلىسىنى ئەمەلى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولسا، كەلگۈسى شاڭگاڭ مەسىلىسىنى، تەيۋەن مەسىلىسىنى ئەمەلى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ تىنچ ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى: تىبەت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن، " 17ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى " نىڭ روھىغا ئاساسلانغاندىمۇ تىبەت 1951-يىلدىن باشلاپلا "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"نى يولغا قويغان بولاتتى. مۇخبىر، " بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"، سىياسى مەمۇرى شەكىل تەيۋەنگىمۇ ماس كېلەمدۇ،كەلمەمدۇ دەپ، سوئال قويغاندا، باياناتچى:  بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس دەپ، جاۋاب بەردى.

دالاي لاما، تىبەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىبەت خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. تىبەتنى خىتايلاشتۇررۇشنىڭ نۆۋەتتىكى سۈرئىتىدىن ئەنسىرەيتى. دالاي لاما : تىبەتتە بىر قىسىم رايونلاردا خىتايلارنىڭ نوپۇسى كۈندىن- كۈنگە كۆپەيمەكتە دائىرلەرنىڭ "غەرپنى ئېچىش " پىلانىڭ پايدىسى خىتايلارغا تېگدۈكى، تىبەتكە ھېچ قانداق پايدىسى يوق، دەپ كۆرسەتتى.

**رابىيە قادىر تۇغرىسىدا قانۇن لاھىيە ئۇتتۇرىغا قويۇلدى**

2003-يىلى9 -ئاينىڭ23 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سەنەتورلارنىڭ يەنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر ئەپەندى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى تۇغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، قانۇن لاھىيە ئۇتتۇرىغا قويدى....

ھوي، سىدىق !يۈرىكىڭ ساقمۇ... سىدىقنىڭ يۈرىكى زىل-زىلگە كەلدى.... شۇ تاپتا جاھان زىلزىلگە كەلدى. مەزلۇم مىللەت ئۇيغۇر ! رابىيە قادىر...... !شۇ تاپتا شۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى ئويلىشىۋالار مۇمكىن ؟ رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزى ئەر خوتۇن تىرىك ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولغاندا، بالىلىرىم ئانىسىدىن ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدىكى سىياستى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ياشا ئامېرىكا ! نېمە دەيمەن..... ئاللاھ، ساڭا يار يۆلەك بولغاي ئامېرىكا، ئاللاھ،ساڭا كۈچ ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي ئامېرىكا!!!

**رابىيە قادىر**

2003-يىلى10 -ئاينىڭ4 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى،10 -ئاينىڭ3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن قارشى ئاۋازسىز، تولۇق ئاۋاز بىلەن قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، ئۇيغۇرىستانلىق باي، ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى خىتاي

ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال، شەرتسىز قويۇپ بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

قانۇن لاھىيىدە: پىرىنسىپىنى بوش ئەپەندى، ئۇنى( رابىيە قادىرنى) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، ھەمدە تايلاندنىڭ باندۇڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا -تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىدا پىرىنسىپىنى بوش ئەپەندى، جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئوخشاشا تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

رابىيە قادىر،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى "شىنجاڭ " ئۇيغۇرستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىگە تەكشۈرۈشكە يېتىپ بارغان ئەمەلدارلىرى بىلەن شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قورچاق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2000-يىلى 3-ئاينىڭ11 -كۈنى، "دۆلەتنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلمىدى"، "دۆلەت سىرتىدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرگە ماتېرىيال يوللاپ بەردى"، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، رابىيە قادىرغا مۇددەتلىك 8يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. رابىيە قادىر، گېزىتلەردىن كېسىپ، قىرقىپ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېرى سىدىقھاجى روزىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. سىدىقھاجى روزى ئەسلى "شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتوتىنىڭ پىرو فېسسورى ئوقۇتقۇچىسى، ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن، بىر نەپەر سىياسى پائالىيەتچى ئىدى دەپ، كۆرسىتىلدى.

قانۇن لاھىيىسىدە : جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرغا 8 يىللىق قاماق جازاسى بەرگەنلىكى ئەيىپلەندى ھەمدە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى، ئۇيغۇرستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىگە زىيارەتكە كېلىپ، رابىيە قادىر بىلەن

كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. لورېن كېرەينېر ئەپەندى ئۇرۇمچىگە زىيارەتكە كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

قانۇن لاھىيىسى9 : -ئاينىڭ23 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر، سەنەتور جوي بايدىن قارتارلىق دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قانۇن لاھىيە 2003-يىلى10 -ئاينىڭ3 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنىدا قارشى ئاۋازسىز ماقۇللانغان. كېيىن قىسقارتىپ خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 2003-يىلى10 -ئاينىڭ4 -كۈنى "دۇنيا گېزىتى"دە ئېلان قىلىنغىنى بويىچە تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدىم.

**پىرېزىدېنت چىن شۈي بيەن**

2003-يىلى10 -ئاينىڭ31 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتى چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى ئېلىشىنىڭ ھارپىسىدا 10-ئاينىڭ30 -كۈنى 416ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پىرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا قارار لاھىيە ماقۇللىدى.

دۆلەت مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى 31-كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەربى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نيۇ يورك شەھرىگە بېرىپ، چىن شۈي بيەننى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنى 29-كۈنىدىن باشلاپ پىرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغان.

دۆلەت مەجلىسى تەيۋەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى ۋېكىل ئەپەندى : قاارار لاھىيىسىدە، تەيۋەنىنىڭ ئاسىيادا ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى دەپ كۆسەتتى. قارار لاھىيىسىدە : دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئارزوسىنى ئىپادىلەپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنى داغدۇغۇلۇق قارشى ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

قارار لاھىيدە : پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەننىڭ تەيۋەن خەلقىگە ئامېركا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ تەيۋەننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىشى تەلەپ قىلىندى.پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەننىڭ "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى" تەشكىلاتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى تەبرىكلەندى.

تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن نيۇ يورك شەھرىدە ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىدا 31-چىسلا كەچتە "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى" تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى كېنىس خانىم قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەننى تەبرىكلىدى. كەيىندىنلا پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن10 مىنۇت ۋاقىت 30مىنۇتقا ئۇزگەرتىپ بېرىلدى. پىرېزىدېنت چېن شۈي بيەن:

-يېڭى ئاساسى قانۇن تۈزۈش، - دېمۇكراتىيە قۇرۇلۇشى غەلبە قىلامدۇ، قىلمامدۇ، دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەيۋەن خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى چۇڭقۇرلاشتۇرۇرشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، مۇستەقىللىق ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسلىسگە بىرىپ تاقالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

مېھمانخانىنىڭ سىرتىدا جۇڭگودىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار توپلۇنۇپ: چېن شۈي بيەن ۋەتەن ساتتى دەپ، توۋلاشتى. زالنىڭ ئىچىدە 1000دىن ئارتۇق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، پىرېزىدېنت چېن

شۇي بىيەننىڭ ئامېرىكىغا كەلگەنلىكىنى، مۇكاپات ئالغانلىقىنى چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەشتى.
تەيۋەننىڭ پرېزىدېنت مەھكىمىسى چىن شۇي بىيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندە تۇرۇشلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى كۆرۈپ چىقتى،( دىققەت ۋەتەندېشىم ) دەپ خەۋەر قىلدى گېزىتلەر. ئۇنىڭدىن كېيىن چىن شۇي بىيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى كۆرۈپ چىقىپ قارشى پىكىر بولمىغاندىن كېيىن چىن شۇي بىيەننىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىندى.
پرېزىدېنت چىن شۇي بىيەن : ھازىرقى ئاساسى قانۇن تەيۋەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، تەيۋەندە تارىخى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان مەندەك بىر نەپەر رەھبەرنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئېنىق نىشانى بولۇشى كېرەك. تەيۋەندە پۇقرالار ئېڭى، ئەقلى مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق ئۆزۈن مۇددەتلىك ئەمىنلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسى قانۇننىڭ نەزىرىيىۋى ھۆلى، نەزىرىيىۋى ئاساسى بولىشى كېرەك دەپ، كۆرسەتتى.

### چىيەن چېچىن دېگەن كىم ؟

2003-يىلى11 -ئاينىڭ6 -كۈنى

سابىق پرىزدېنت بوش ئەپەندىنىڭ( ھازىرقى پرېزىدېنت بۇشنىڭ دادىسى ) چاقىرىقى بويىچە بىر مەيدان ئېچىلىدىغان ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋتى مۇھاكىمە يىغىنى 2003-يىلى11 -ئاينىڭ 5-كۈنى تېكساس شىتاتىنىڭ دېھقانچىلىق سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا سابىق پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىيەن چې چىن زور بىر تۈركۈم ۋەكىللەر ئۇمىكىنى باشلاپ كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسى ئەربابپلىرى ھەم يىغىنغا

قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت -ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بېرىكى، ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى دەپ، باھا بېرىلدى.

جۇڭگونىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چيەن چى چىن باشلاپ كەلگەن 40 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى شيۇ گۈۋاڭ كەي، دىڭ شياۋ پىڭنىڭ قىزى دىڭ نەن، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماشيۇ خۇڭ قاتارلىق كىشىلەردىن باشقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى ۋىن ۋېن خاۋ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

سابىق پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا، ئامېرىكىلىق ئالىملارغا ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا نوتۇق سۆزلىگەندە :ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋىتى دەپ، تەرىپلىدى. جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھېچ قاچان ھازىرقىدەك ياخشى مۇناسىۋەت بولۇپ باققان ئەمەس دەپ، تەرىپلىدى.

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، يىغىنغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە : پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، تەيۋەن مەسىلىسى،كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ساقلاندى ۋە ئورتاقلىقمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۇر، بىر تۇر بويىچە سۆزلۈشۈش، سۆزلەشكەن مەسلىيلەر بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىش، ھەر خىل پىلاننى بىر -بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ھازىر - ئېچىۋىتىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەندى، دەپ كۆرسەتتى.

چيەن چېچىن سۆزلىگەندە، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدا جۇڭگوچە تەپەككۇر بىلەن تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتتى.

تەيۋەن مەسلىسى توغرىسدا توختالغاندا چيەن چې چىن، چۇشتىن بۇرۇنقى يىغىندا، تەيۋەن مەسلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى بويىچە سابىق مەسلىھەتچىسى سكا كىلى ئەپەندى، چۇشتىن كېيىنكى يىغىندا :چيەن چېچىن ئەپندى، تەيۋەن مەسلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ كۆرسەتتى. مەن دەيمەنكى، تەيۋەن مەسلىسى ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭمۇ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. بۇ بىر كونلۇك يىغىندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى بىۋاستە، ئوچۇق -يورۇق ئىپادىلىشى بولۇپ ھېسابلاندى.
سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى بېككىر ئەپەندى، تارىخى مۇقەررەرلىك بوگونكى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياساپ چىقتى دەپ، كۆرسەتتى.

**قىزىم ئەقدەم**

2003-يىلى12 -ئاينىڭ6 -كونى

ۋاشىنگتون

قىزىم ئەقدەم 12-ئاينىڭ5 -كونى ۋاشىنگتونغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە يىتىپ كەلدى." خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت، كومار ئەپەندى بىر نەچچە ھەمرالىرىنى باشلاپ دۆلەت مەجلىسگە رابىيە قادىر توغرىسدا ئېچىلغان گوۋاھلىق بىرىش،گوۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۇچۇن يىتىپ كەلدى، يىغىنغا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن 10 نەپەر كىشى قاتناشتى.ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدىرى سۆزىن خانىم يىغىندا ئاۋۋال رابىيە قادىر توغرىسدا سۆزلەپ، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسدا دوكلات بەردى. ئارقىدىن ت.كومار ئەپەندى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسدا دوكلات بەردى. ئاندىن قىزىم ئەقدەم ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسدا سۆزلەپ ئۆتتى :

ئانام رابىيە قادىر شۇ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭغاندا، بالىلىرىم ئامېرىكىدا قېشىغا بارالمىدىم.... بالىلىرىم مەن تەرەپكە بۇ تەرەپكە ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە كېلەلمىدى.....بالىلىرىمنى سېغىندىم.....پاسپورتىمنى تارتىپ ئالدى، ياردەم قىلىڭلار ئامېرىكا خەلقى !دېگىلى بارغان ئىدى. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە ماتېرىيال تاپشۇرىدىغان ئىش يوق ئىدى.

گۇۋاھلىق بىرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىزىم ئەقدەمنىڭ ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا ئوقۇپ ئۆتكەن دوكلات تىزىسىنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ 72 نەپەر ئەزاسى ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىگە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىگە، ئاقسارايغا پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن يوللاپ بېرىلدى.

شۇ كۈنى رادىئونىڭ ئاڭلاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىم پرېزىدېنت بوش ئەپەندى خىتاينىڭ ۋەزىرى ۋىن جىيا باۋ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىر سىياسى مەسىلىسىنىڭ پرېزىدېنت بوش ئەپەندى تەرىپىدىن خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.

يەنە شۇ كۈنلەردە كىشى ھەيران قالىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. فرانسىيىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن ئۈرۈمچىگە ئوغلوم ئابلىكىم ئابدۇرېھىمگە تېلېفون كەلدى :

- ئاناڭ رابىيە قادىرنىڭ ئەھۋالى قانداق يېقىندا كۆرۈشتۈڭمۇ ؟

-سالامەتلىكى قانداق........، ساقچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق...... ؟

-غەم قىلما ! بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىز، ئاناڭ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، يەنە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىمىز.

-ئەمدى سەن خوش خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرساڭلا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دېمسمۇ،2000 -يىلى11 -ئاينىڭ19 -كۈنى فرانسىيىنىڭ پىرېزىدېنتى شىراك ئەپەندى، بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويغان ئىدى.

## روسىيە فېدېراتسىيىسى يەنە نېمە دەيدۇ

2004يىلى1 -ئاينىڭ- 17 كۈنى

روسىيىلىكلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇش بويىچە4 -قېتىملىق خەلقئارا يىغىنى 1-ئاينىڭ15 -كۈنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئىككى دۆلەت ختاي بىلەن جۇڭگو،چېچېنىيىلىك "تېرورىستلار "بىلەن ئۇيغۇرىستانلىق" تېرورىستلار" نىڭ خەلقئارا تېرورىست تەشكىلاتلارنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

جۇڭگو تەرەپ، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چېچېنىيىلىك "تېرورىستلار"نى با ستۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روسىيە تەرەپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇيغۇرىستانلىق" تېرورىستلا"نى باستۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

"شىنخۇا شې : "جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى شىنگوفاڭ، ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى، روسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سابىروپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ ئىراق، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى تېرورىستلىق ھەرىكەتلەرنىڭ تەھدىتىنى دەۋر قىلغان ھالدا تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش بويىچە پىكىر ئالماشتۇردى دەپ، خەۋەر قىلدى.

نۆۋەتتىكى روسىيىلىكلەرنىڭ بوۋىسى چار روسىيىلىكلەر،19 - ئەسىرنىڭ 30 -يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەندە،

ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن، خەتەرلىك دۈشمەن، ياۋرو- ئاسىيا بەلۋىغىدىكى خەتەرلىك تەھدىت پەيدا قىلغۇچى كۈچ دەپ قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشى، نەسلىدىشى تاتارلارغىمۇ (تاتارلارنىڭ پۈشتى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسى بولۇپ چىقتى. تور بەتلىرىگە قاراڭ ) شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش كۈچىدىن ئايرىۋەتكەندە، تاتارلارنى تاتارنىڭ دۆلەت قۇرۇش كۈچىدىن ئايرىۋەتكەندە ئوتتۇرا ئاسىيانى كونتۇرول قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئەگەر چار روسىيە ۋە ستالىن روسىيىسى ئېتنىك مىللەتلەر مەسىلىسىگە شۇنداق قارىمىغان بولسا نېمىشقا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تاتارلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى ؟ روسىيىلىكلەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلغاندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بۇ ئەقلىسىز روسىيىلىكلەر ئۇيغۇرنىڭ ئىشىغا، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ھەرىكەتلىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن ئارىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ تارىخى بىر خىل روھىيەتنىڭ يەنى ئۇيغۇر مىللى روھىيىتىنىڭ تارىخىدۇر. "روھىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزىدىكى ھەركەتتۇر؛ ياكى ئەركىنلىك دەل مۇشۇ نوختىدىن باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا چەكلىك روھى ئالاھىدىلىكلەر ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ " دەپ كۆرسەتكەن گېگىل. تارىخنى پەلسەپۋى شەرھىلىگەندە ياكى تارىخنى تارىخ پەلسەپەسى بويىچە شەرھىلىگەندە، تارىختىن بىر نەرسىنى بىر ئامىلنى يەنى تارىخنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن بىر ئامىلنى ئاۋۋال ئىزدەپ تېپىۋېلىش كېرەك. ئۇ نېمە؟ ئەقىل. تارىخنى تەتقىق قىلىشتىن ئاۋۋال تارىخنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئەقىلنى ئاۋۋال ئىزدەپ تېپىۋالغاندىلا ئاندىن تارىخنى كۆڭۈلدىكىدەك تەتقىق قىلغىلى بولىدۇلا، - ئەمەس. تارىخنىڭ نېمە ئۈچۈن تارىخ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاۋۋال چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنىڭ تارىخى دەل يۇقىرىقى مىللى روھنىڭ ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىش تارىخىدۇر. نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى؟ ياكى ئەقىل پىشىپ

يىتىلمىگەنلىكتىن ئوبيېكتىپ شارائىتقا ماسلىشالمىدى ياكى ئەقىل جاسارەت بىلەن تولۇق بېرىكىپ كېتەلمىگەنلىكتىن ئوبيېكتىپ شارائىتنى دەل ۋاقتىدا ئۆزگەرتەلمىدى. تارىخى مەغلۇبىيەتلەر ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ سوبيېكتىپ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقتى. دەل مۇشۇ نوختىدا ئۇيغۇرنىڭ دۈشمەنلىرى غالىپ كەلدى.

**رابىيە قادىر**

2004-يىلى2 -ئاينىڭ -3كۈنى

'رېيتىرىس ئاگېنتلىقى''، 2-كۈنى شاڭخەيدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى : ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى،2-كۈنى شاڭخەيدە :ئۆتكەن ھەپتە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج ئەپەندى، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، دەپ كۆرسەتتى. رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بېرلىكتە بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان ئىدى.

رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى :ئامېرىكا، بېيجىڭ تەرەپكە ''شىنجاڭ '' ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاتاقلىق سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى ھەمدە ئامېرىكىدا يېشىل پاسپورتقا ئېرىشكەن ياڭ جىيەنلى ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىش مەسىلىسىنى قويۇپ ئۆتتى، دەپ كۆرسەتتى.

رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى : بىز ئايرىم شەخسلەرنىلا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىپلا قالماي بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى تېز ئارىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشنىمۇ سۆھبەتلەشتۇق. كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا

سۈھبەتلەشكەندىن باشقا، جۇڭگۇنىڭ ئىجتىمائى سىياسى تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى ئامېرىكىنىڭ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھەم مۇھاكىمە قىلدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

**ئامېرىكا فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتى**

2004-يىل2 -ئاينىڭ16 -كۈنى

بۈگۈن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى دوكلات تەييارلاپ ئېلان قىلىپ، جۇڭگودا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەمدە تەييارلانغان دوكلاتنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىگە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىگە يوللاپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئامېرىكىدا خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى" بۇ دوكلات توغرىسىدا ھېچ قانداق خەۋەر تارقاتمىدى. چۈنكى، بۇ گېزىتنى، گېزىتنىڭ نەشر ھوقۇقىنى خىتاي ھۆكۈمىتى سېتىپ ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا، رابىيە قادىرغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى تارقىتامدۇ ياكى تارقاتمامدۇ بۇنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، رابىيە قادىر توغرىسىدا قارالمىلار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولسا "ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى"نىڭ خىتاي بۆلۈمى تەرجىمە قىلىپ رادىئونىڭ تور بېتىگە چاپلايدۇ. شۇلارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق ئىشەنچكە كەلدىمكى، " قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان خۇدا ھاسا تاياقتىن ئايرىماپتۇ" دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا " دۇنيا گېزىتى"گە مۇتلەق يۇقىرىقىدەك كۆز قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. گېزىت خەۋەرچىلىكتىن ئايرىلىپ قالسا ئۇ قانداق گېزىت بولىدۇ.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى

2004-يىلى2 -ئاينىڭ26 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى 25-كۈنى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۆتكەن بىر يىلدا كەينىگە چېكىندى دەپ، كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى،25 -كۈنى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى: ئامېرىكا، جۇڭگو بىلەن يەنىلا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ، ئۆتكەن بىر يىلدا مۇنداق سۆھبەت ئارقىلىق ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا : جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇستەبىت دۆلەت، جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسى تۈزۈلمىگە تىنچ يول بىلەن قارشى پىكىر يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوق. شۇنداقلا دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقمۇ يوق، دەپ كۆرستىلدى.

دوكلاتتا: جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى -تەرۇز قىلىش ئەھۋاللىرى ئۇمۇملاشتى، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىمۇ كەينىگە چېكىندى. دېموكراتلارنى، نامايىشچىلارنى، ئىشچىلارنى، يەر ئاستى تەشكىلات رەھبەرلىرىنى ھەتتا، سىياسى مەھبۇسلارنى ئاقلىغان ئادۋوكاتلارنى ئارقا -ئارقىدىن قولغا ئالدى دەپ، كۆرستىلدى. ' دوكلاتتا :

جۇڭگۇ ئىقتىسادىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى پەقەت ئىشچى پائالىيەتچىلەرنى قولغا ئېلىشلا بولدى، خالاس دەپ، كۆرسىتىلدى.

يىللىق دوكلاتتا5 بەت سەھىپە ئاجرىتىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇلدى. ئۈرۈمچى شەھرىدە بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن 3 يۈزمىڭ ختاي ياشايتى ( ئەسلىدە بۇ ساندىكى ختايلار1943 -يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن گومىنداڭنىڭ 100مىڭ كىشلىك ئەسكىرى قىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى. يازغۇچىدىن) ، 80% ئۇيغۇرلار ياشايتى، ئەمدى ھازىر ئۈرۈمچى شەھرى ئاھالىسىنىڭ 80% خەنزۇلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ شەھەردىكى نوپۇسى %20گە چۈشۈپ قالدى.( مۇستەملىكە ئۇيغۇرستاندا) ، نېفىت سانائىتى رايونلىرى ۋە تەبىئى گاز ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىشقا قوبۇل قىلىنمىدى دەپ، كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، رابىيە قادىر ۋە توختى مۇزات قاتارلىق سىياسى مەھبۇسلار ھازىرغىچە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى، دەپ كۆرسىتىلدى. ("ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى " ختاي تىلى بۆلۈمىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە ئاجرىتىلغان سەھىپىسىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى، بۇ خەۋەر ئوخشاشلا " دۇنيا گېزىتى"دىمۇ ئېلان قىلىندى)

**رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ2 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى 2گە قارشى 433 ئاۋاز نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن " قانۇن لاھىيە" ماقۇللاپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە

ئوتتۇرىغا قويۇشنى قوللىدى :قانۇن لاھىيە"نىڭ مەزمۇنى "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى " نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىلغاندا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى فېدېرال خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان مۇخبىر، مايك ئەپەندىگە: ئاۋام پالاتاسىنىڭ" قانۇن لاھىيە " ماقۇللىشى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىندا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لاھىيە قويۇشنى قوللىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكمۇ دەپ، سوئال قويغاندا، مايك ئەپەندى:

- شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. بىر سىياسىئون ئەلۋەتتە يۇقىرىقىدەك سوئالغا" ھەئە شۇنداق " دەپ جاۋاب بەرمەيتى.

رابىيە قادىر سىياسى پاجىئەسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ، ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ دەرىجىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ۋە ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلدىمۇ؟

ھەيران مەن، قانچە ھەيران بولسام ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە شۇنچە خۇشھالمەن.

### تۆيۇقسىز بىر يىل قىسقارتىلدى

2004-يىلى3 -ئاينىڭ5 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىلقاچان ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسى مەھبۇس رابىيە قادىرنىڭ ھۆكۈمنامىسىدىن بىر يىل قىسقارتقانلىقىنى قارشى ئالىمىز دەپ، كۆرسەتتى.

رابىيە قادىرنىڭ تۇرمىدىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، داۋالىنىش ئۈچۈن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشكە شەرتى توشاتتى. يېقىندا تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن خىتاي دېمۇكراتى ۋاڭ يۇسەي، " تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش "ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان كىشىلەرنىڭ جۇڭگودىكى ۋەكىلى بولۇپ قالدى، رابىيە قادىر، سۆز مەتبۇ ئات ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان كىشىلەرنىڭ( ئۇيغۇرلارنىڭ) ۋەكىلى بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكىدا خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"، يۇقىرىقى بايا ناتىنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلمىدى ۋە باياناتىنىڭ مەزمۇنىنى ئادەتتىكى خەۋەر ئورنىدىمۇ ئېلان قىلمىدى. ئەجەپلىنىدىغان نېمىسى بار ؟ مەن باشتا دېدىمغۇ، بۇ گېزىتنى خىتاي سېتىۋالدى، دەپ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر مەسىلىسى شۇنداق خەلقئارالاشقان كۈنلەردە خىتاينىڭ شۇنچىلىك چىداپ تۇرغىنىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسمۇ ؟

**مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ پوزىتسىيىسى**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ11 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تە ج ئەپەندى ۋە ئەمگەك، دېمۇكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بىيىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى، 10-كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ داۋاملىق يامانلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تەج :ئامېرىكا ئەمدى قولغا ئېلىنغانلارنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىش ئويۇنى ئوينىمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋال بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا

قويدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمبىر تەج10 : -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى خام چوت ئايرىش كومىتېتىنىڭ سودا بۆلۈمى ۋە ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ يېڭى بىر يىللىق خام چوت ئايرىش يىغىنىغا قاتناشقاندا، يۇقىرىقىدەك سۆزلەپ ئۆتتى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدىكى سودا بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى ۋە بۇ بۆلۈمنىڭ رەئىسى فىرانك ۋولف ئەپەندى، ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى جۇڭگو سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنى 15 -كۈنى جەنۋەدە ئېچىلاتتى. 6ھەپتە داۋاملىشىدىغان بۇ يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ماۋزۇلار : تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش مەسىلىسى، تەرەققىيات ھوقۇقى، ئاياللار ۋا باللار ھوقۇقى مەسىلىسىدۇر.

بۇ يىل پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىندا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقى جۇڭگوغا نىسبەتەن ياخشىلىقتىن ئېيتقاندا، يېقىندىن بېرى يېقىنلىششقا يۈزلەنگەن ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يېڭىدىن تىركىشىش باسقۇچىغا ئىتتىرىپ قويىشى مۇمكىن.

بۇ يىغىنغا ئامېرىكا باشچىلىقىدا 52 دۆلەت قاتنىشىدۇ. ("ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى "ختاي بۆلۈمىنىڭ دۆلەت مەجلىسىنىڭ خەۋەرلىرى پىروگىراممىسىدىن ئېلىندى )ئامېرىكىنىڭ ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ

قىلىشقا تىگىشلىك ئىشلارغىمۇ بىرىپ چېتىلامدىغاندۇ......؟

**ۋاشىنگتون**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ17 -كۈنى

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن پىرىزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندى، كېلەر ئايدا جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىكەن.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دىك چېنى ئەپەندى ئاۋال ياپونىيە، جەنۇبى كورىيىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن،15 -كۈنى جۇڭگوغا زىيارەتكە بارىدۇ. زىيارەتنىڭ تەپسىلاتى ھازىر ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە قىلىنىۋېتىپتۇ.

ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋ،2007-يىلى4 -ئاينىڭ باشلىرىدا، مۇئاۋىن پىرىزىدېنت دىك چېنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغان ئىدى. خۇجىنتاۋ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرىزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

مۇئاۋىن پىرىزىدېنت دىك چېنى 2003-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا جاۋابەن شەرت قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە ماقۇل بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن پىرىزىدېنت دىك چېنى ئەپەندى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ( مەن يۇقىرىدا ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا كىشىلىك ھوقۇقىقا مەسئۇل بولغان رەھبەرلەرنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاراڭلار دا رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشگە مۇناسىۋەتلىك گەپ- سۆزلەر، بېرىلگەن بىشارەتلەر توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم)

قىزىقى شۇ يەردىكى،2004 -يىلى3 -ئاينىڭ14 -كۈنى ئۈرۈمچىدىن

ئۇكام ئىمامھاجى روزىدىن تېلېفون تاپشۇرۇپ ئالدىم.
ئۇكام ماڭا، كوچا- كويلاردىكى گەپ -سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ : رابىيە قادىرنى22 -كۈنى (دۈشەنبە) خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىدىغان بولدى دەپ، خەۋەر يەتكۈزدى. 22-كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى . ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ئاڭلاپ ئۆينىڭ ئىچىدە توشقاندەك سەكرەپ كەتكەن ئامېرىكىدىكى باللىرىمنىڭ سەكرەشلىرىمۇ ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.
بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن رابىيە قادىرنىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى شەرت قىلىپ جاۋابەن جۇڭگۈنى زىيارەت قىلماقچى بولغان، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىگەندىن كېيىن، جۇڭگۈنى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندى، بۇ قېتىم يەنە جۇڭگۈنى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ22 -كۈنى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى يەنە تۈرمىدىن قويۇپ بەرمەي توختاپ قالغانلىقى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندۇ.... تۈرمىدىن قويۇپ بىرىمىز دېگەنلىكى يەنە نېمىنى چۈشەندۈرىدىغاندۇ؟

**جەنۋەدە**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ25 -كۈنى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان جەنۋەدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىپلوماتلىرى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 3-ئاينىڭ23 -كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگۈنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى دەپسەندە قىلغانلىقى توغرىسىدا جۇڭگۈنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ، ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لاھىيگە قارشى پىكىردە جىددى لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇمۇمى يىغىندا ئامېرىكىنىڭ لاھىيىسنى تەتقىق قىلىشنى توختۇتۇپ

قويۇشى مۇمكىن دەپ، كۆرسەتتى. بېيجىڭ23 -كۈنى ئامېرىكا بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇددەتسىز توختىتاتقانلىقىنى جاكارلىدى.ئامېرىكا، بۇنداق توختىتىشقا پەرۋايىمىز پەلەك دەپ، ئىپادە بىلدۈردى. چۈنكى، ئۆتكەن قېتىملىق سۆھبەتلىرىمىزدە ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق دەپ، كۆر سەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى رىياز ئەپەندى :" يېقىندىن بېرىكى ئەمەلى ئەھۋاللارغا نەزەر تاشلىساق، جۇڭگونىڭ جىددى تەكلىپ لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، بۇ خىل تەكلىپ لاھىيىسى قارشى تۇرماسلىق ۋە جىنايىتىنى تونۇماسلىق" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەكلىپ لاھىيىسىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا ئەزا بولغان 53دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ ئاۋۋال ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لاھىيىگە ئاۋاز بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى 6 ھەپتە ئېچىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باشقا دىپلوماتلار :ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بېيجىڭ يېتەرلىك ئاۋازغا ئىگە بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قانۇن لاھىيىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئامېرىكىمۇ، جۇڭگومۇ ئۆزلىرىنى قوللايدىغان دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، بېيجىڭ بەلكى بۇ يىغىندا قويۇلىدىغان، ئافرىكا دۆلەتلىرى جىددى كۆڭۈل بۆلىدىغان نازۇك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىپ، ئافرىكا دۆلەتلىرىنىڭ بېيجىڭنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن دەپ، كۆرسەتتى.

تەھلىلچىلەر : ئامېرىكا بۇ يىل رەسمىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويدى.3 -ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكا، بېيجىڭنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تىلغا ئالغاندا،23-كۈنى بېيجىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۆتكۈزۈدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا

قويدى، دېيىشتى.

ئامېرىكا تەرەپ،23 -كۈنى : جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى جۇڭگو ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ پەرۋايى پەلەك چۈنكى، بۇنداق سۆھبەتلەر ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان سۆھبەت بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى :ئۇلار جۇڭگولۇقلار سۆھبەت قۇرۇشنى بىكار قىلىدىغان بولسا، كېلەر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغان بولسا، ئامېرىكىغا ھېچ قانداق توسقۇنلۇق پەيدا قىلالمايدۇ چۈنكى، ئۆتكەندە بىز( ئامېرىكا )قاتناشقان ئاخىرقى 4-3 قېتىملىق سۆھبەتتە ھېچ قانداق ئىلگىرلەش بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى رىچارد بېروچېر: ئۆتكەن يىلى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى يامانلىشىپ كەتتى. بېيجىڭ ئاۋۋالقى سۆھبەتلەردە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمىلەشتۇرمىدى.2002 -يىلى12 -ئايدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەردە جۇڭگو نۇرغۇن قېتىم ۋەدە بەردى. لېكىن، 2003-يىلى بىر يىل ئىچىدە بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئەمەلىلەشتۇرمىدى (بۇ ۋەدىلەر رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىمىز دەپ، بەرگەن ۋەدىلەر ئەمەسمىدۇ ؟)، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى رىچارد بېروچېر، سۆھبەت مەخسەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. جۇڭگونىڭ دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى بۇ مۇھىمدۇر، بۇ توغرىدىمۇ جۇڭگو ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى، دەپ كۆرسەتتى." دۇنيا گېزىتى "

**" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى**

2004-يىلى5 -ئاينىڭ27 -كۈنى

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 26-كۈنى يەر شارى خاراكتېرلىك 2003-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى

ئېلان قىلدى.دوكلاتتا : قاتتىق ئىبارىلارنى ئىشلىتىپ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى تەنقىد قىلدى.خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان ھەرىكەتلىرىگە قارشى پىكىرلىرىنى قايتا -قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، داۋاملىق تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت خەلقئارا ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇردى. خەلقئارا جەمئىيەت شۇنچە كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

دوكلاتتا : ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى كۆنسايىن ئېغىرلاشتى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر نىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

**نورۋېگىيە " رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى " جەمئىيتى**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ2 -كۈنى

نورۋېگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى "جەمئىيتى 2004-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نورۋېگىيىگە بېرىپ مېنىڭ مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئېلىشىمغا ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش "ئۇيغۇرلار جەمئىيتى"نىڭ ئاتالمىش رەئىسى توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ نورۋېگىيىگە بارالمايدىغانلىقىم مۇقىملاشقاندىن كېيىن، نورۋېگىيىنىڭ ۋاشىنگىتوندا تۇرۇشلۇق تېلېۋىزيە مۇخبىرلىرى پونكىتىدىن، 3نەپەر مۇخبىر، مېنىڭ قىزىمنىڭ ئەنگلىز تىلى ئارقىلىق مەن بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن ۋىرجىنىيە شىتاتىدىكى ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى.

مۇخبىرلارنىڭ مېنى ۋە قىزىم ئەقدەمنى زىيارەت قىلىشى تولۇق ئىككى سائەت داۋاملاشتى. قويۇلغان سوئاللارنى ۋە سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنى قىزىم ئەقدەم سۆدەك تەرجىمە قىلىپ بەردى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت قىلىش ئۇسۇلى، رابىيە قادىرنىڭ قولغا

ئېلىنىشى، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا ئەتراپلىق سوئال قويغاندىن كېيىن مۇخبىر يەنە :

- ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولۇشنى خالامدۇ؟ دەپ سوئال قويدى.

-ئەلۋەتتە خالايدۇ.7 ياشتىن70 ياشقىچە بارلىق ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولۇشنى، دۆلەت قۇرۇشنى خالايدۇ .

-سەنچۇ ؟

- ئەلۋەتتە خەلقىمىز قايسى يولنى تاللاپ ئالسا، بىزمۇ شۇ يولدا ماڭىمىز، بىراق، نۆۋەتتە مەن ۋە مېنىڭ رابىيە خېنىم ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقى، نۆۋەتتىكى ئەركىنلىكى، نۆۋەتتىكى دېموكراتسىيىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز، دېدىم. كۆلۈپ قويدى سوئال قويغان مۇخبىر. سوئال -جاۋاپلاردىن كېيىن ھويلا -ئارامغا چىقتۇق.

مۇخبىرلار، ئاۋۋال بالام ئەقدەم ئىككىمىزنى ئۆيىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، يىراقتىن ئۆينىڭ ئالدىغىچە ماڭدۇرۇپ كامېراغا ئالدى.ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىدە كامېراغا ئالدى. تېلېۋىزىيە سۈرەت خاتىرىسى 3-كۈندىن باشلاپ نۇرۋېگىيىنىڭ ئوسلو شەھرىدە، بېرگىن شەھرىدە 7-كۈنگىچە تېلېۋىزىيە كانالىلىرىدا قويۇپ بېرىلدى. شىۋىتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەم تېلېۋىزىيە قانالىلىرىدا، نۇرۋېگىيە مۇخبىرلىرىنىڭ مېنى ۋە قىزىم ئەقدەمنى زىيارەت قىلغان زىيارەت خاتىرىسى كۆرسىتىلدى.

**نۇرۋېگىيە مۇخبىرلىرى**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ4 -كۈنى

نۇرۋېگىيە ئاخبارات -تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ نيۇ يورك شەھرىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىدىن ئىككى نەپەر مۇخبىر، نيۇ يوركتىن پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتونغا ۋىرجىنىيە شتاتىغا مېنىڭ ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى. مۇخبىرلار ئەتراپلىق سوئال قويۇشقا باشلىدى.

-ئۇيغۇر دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى نېمە؟

-ئۇيۇشقاق، يېپىشقاق، ئىتتىپاق دېگەن مەنىدە.

-ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرۇپ باققانمۇ ؟
-يىراقنى قويۇپ تۇرايلى، 19-ئەسىرنىڭ60 -يىللىرىدا يەنى 1865-يىلى ئۇيغۇرلار، ياقۇپ بەگ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەتنى چار روسىيە بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە بىرلىشىپ يوقاتقان.20-ئەسىرنىڭ 30-40 -يىللىرىدىلا ئىككى قېتىم ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرغان. مەسىلەن،1933 -يىلى ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە،" شەرقى تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرغان ؛1944-يىلى11 -ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە " شەرقى تۇركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرغان. ئۇيغۇرلار قۇرغان ئاۋۋالقى جۇمھۇرىيەتنى ستالىن قورالىلىق باستۇرغان، كېيىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ستالىن ئاۋۋال ئۆزى ياردەم بەرگەن. كېيىن يالتا شەرتنامىسى، موسكۋا شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنى خىتايغا سېتىۋەتكەن ئىدى.
-سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلاردىن نېفىت چىقامدۇ ؟
-ۋەتىنىمىزنىڭ خام نېفىت زاپىسىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 64 مىلىيارت توننا دەپ، ئېلان قىلدى.......("شىنجاڭ يىلنامىسى"نىڭ 1994-يىللىق سانىغا قارالسۇن)
-بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك ؟
-ئادەتتە خىتايلار 9 مىليۇن دەپ، ئېلان قىلىدۇ. بىراق،1997 -يىلى2 -ئاينىڭ5 -كۈنى ئىلى ۋەقەسى يۈز بېرىپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن،1997-يىلى 4-ئاينىڭ 30- كۈنى "ۋاشىنگىتۇن پوچتىسى گېزىتى"دە مورا مونىخەن ئىسىملىك بىر نەپەر ئاپتۇر تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، شۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليۇن دەپ، ئېلان قىلدى.
- بىزنىڭ نۇرۇۋگىيىنىڭ نوپۇسىدىن 5 ھەسسە كۆپ ئىكەن.

-رابىيە قادىر قاچاندىن باشلاپ سىياسى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

-مەن1977 -يىلى 10-ئايدا تۈرمىدىن چىقتىم.1978 -يىلى7 -ئاينىڭ31 -كۈنى رابىيە قادىر ئىككىمىز توي قىلدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ سىياسى ئادەمگە ئايلاندى ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سىياسى ئادەم ئىدى دېيەلمەيمەن. ئەگەر رابىيە قادىر، ساغلام ئەقىل، ساغلام پىكىرلىك بىر ئايال بولمىغان بولسا، مەندەك تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بىر ئادەم بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى. رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىدا يەنە بىر نېگىزلىك سەۋەپ شۇكى، ئۇ سودا -تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھەر دەقىقىدە ھوقۇق كەلتۈرمىسىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەنلا مىللى ئازادلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مىللەت مۇستەقىللىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىنىشقا، چۈشىنىشكە باشلىدى. رابىيە قادىردا ئەمەلىيەت ئارقىلىق يېتىلىپ كېلىۋاتقان سىياسى ئاڭ، ئاخىرىدا سىياسى ھەرىكەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى.

-دېمۇكراتىك دۆلەت قانداق بولىدىكەن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ.

- مەن ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستاندا خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان ۋەتىنىمدە ئالى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. لېكىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ ئىختىيارى كىرەلمەيتىم. ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىدىم. دۆلەت مەجلىسگە، سەنەتورلارنىڭ ئىشخانىلىرىغا، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغىمۇ ئىختىيارى كىرىپ چىقالايمەن. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلسام، ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلەيمەن. رابىيە قادىر توغرىسىدىمۇ شۇنداق دەۋا قىلدىم دۆلەت مەجلىسگە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە ھەم شۇنداق دەۋا قىلدىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە.

نۇرۋېگىيە مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلغان مەزمۇنلار،11 -ئاينىڭ5 -كۈندىن باشلاپ11 -ئاينىڭ7 -كۈنىگىچە نۇرۋېگىيە گېزىتلىرىدە ئۇدا

بېسلىپ چىقتى. 4كۈنگىچە رابىيە قادىر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر نۇرۋېگىيىدە گېزىتلەرنىڭ 1-بېتىدە ياكى ئىككىنچى بەتلىرىدە بېسىلىپ چىقتى. قىزىم ئەقىدەم بىلەن مېنىڭ سۈرىتىم بىر گېزىتنىڭ 2-بېتىدە باش تېتوندا بېسىلىپ چىقتى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى ساقلاپ قويۇلدى.

رابىيە قادىر غەلىبە قىلدى، سىدىقھاجى روزى غەلىبە قىلدى، ئۇيغۇر خەلقى غەلىبە قىلدى.

**مۇلائىزە**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ5 -كۈنى

رابىيە خېنىم،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى ۋە خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار چۈشكەن مېھمان خانىغا كېتىۋاتقاندا ئۈرۈمچى شەھرىدە قولغا ئېلىندى.

2000-يىلى3 -ئاينىڭ10 -كۈنى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى رابىيە قادىرغا 8يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا جەمئى 6 قېتىم (ئۈچ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۈچ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي بايانات ئېلان قىلدى )ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئايرىم -ئايرىم ھالدا بىر قېتىمدىن، كېيىن ئىككى پالاتا بىرلىشىپ يەنە بىر قېتىم، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، جەمئى ئۈچ قېتىم قانۇن لاھىيە ماقۇللىدى." كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دېلوسىنى توختىماي ئىشلەپ كەلدى،" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن باشلاپ، رابىيە قادىرنىڭ

كشلىك ھوقۇقى توغرىسدا تۈنجى دوكلاتنى ئېلان قىلىپ تاكى بۈگۈنگىچە 2004 (-يىلى12 -ئاينىڭ10 -كۈنىگىچە) دېمەكچى) ھەر ئايدا بىر قېتىم رابىيە قادىرنىڭ كىشلىك ھوقۇقى توغرىسدا دوكلات تەييارلاپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ كەلدى.

كىشنى ھەيران قىلىدىغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئەمدى ياۋروپاغا بولۇپمۇ غەربى ياۋروپاغا يۈزلەندۈرۈپ يۆتكەپ بەرگەندەك بولدى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى نېمىنى كۆزدە تۇتقاندۇ ؟

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە ھەم ئامېرىكا كۆڭۈل بۆلۈش ھەم ياۋروپا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى، ھازىرچە ئېيتقاندەك ئۇيغۇرنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، شۇنداقلا رابىيە قادىرنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ياۋروپاغا يۆتكەش ئارقىلىق ياۋروپا خەلقى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئاھالىسىنىڭ خىتايدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان كىشلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ بۇ مەسىلىدە - ئۇيغۇر مەسىلىسىدە بىر كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدىمۇ ؟

"رافتۇ كىشلىك ھوقۇق مۇكاپاتى"نىڭ رابىيە قادىرغا بېرىلىشى، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇرنىڭ كىشلىك ھوقۇق مەسىلىسگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ دائىرىسىنى ياۋروپا ۋە شىمالى ياۋروپاغىچە كېڭەيتىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

### نورۋىگىيىدىن مېھمان كەلدى.....

2005-يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى

نۇر ۋىگىيىدىن مېھمان كەلدى......

نۇرۋىگىيە " رافتۇ كىشلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"،2004 - يىللىق "رافتۇ كىشلىك ھوقۇق مۇكاپاتى"نى رابىيە قادىرغا بەرگەنلىكىنى

جاكارلىغاندىن كېيىن، سىدىقھاجى روزى ئەپەندى، تۇرمىدىكى ئايالى رابىيە قادىرغا ۋەكىل بولۇپ نۇرۋېگىيەنىڭ بېرگىن شەھرىگە بېرىپ،مۇكاپات قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش رەھبىرى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سىدىقھاجى روزىنىڭ پاسپورت ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، سىدىقھاجى روزىنىڭ نۇرۋېگىيەگە بارالمىغانلىقى، مۇكاپات ئېلىش ئۇچۇن ئاتالمىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش باشلىقىنىڭ يەنە بىر كىشى يەنى ئۇيغۇر تارىخىدىن ئەخلەتكە چۆرۈۋېتىلگەن لېكىن ھازىرغىچە ئېشىپ قالغان خىتاينىڭ پوقنى يېگەن بىر داشقالنىڭ بالىسى داشقالنىڭ نۇرۋېگىيىگە بېرىپ، بۇ مۇكاپاتنى ئالماقچى بولغانلىقى...... بىراق، سىدىقھاجى روزىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشى ئارقىلىق بۇ داشقالنىڭمۇ بۇ مۇكاپاتنى ئالالمىغانلىقى بىر مەخپى ھېكاياە، ھېچنىمشلىق ھېكايە،كۈلكۈلۈك بىر ھېكايە بولۇپ قالغان ئىدى.

2004 -يىلى11 -ئاينىڭ7 -كۈنى نۇرۋېگىيىنىڭ بېرگىن شەھرىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ئىش پائالىيەتلىرى، كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇن كۆرەش قىلىش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەندە، بولۇپمۇ قىزىم ئەقىدەم ۋاشىنگتۇندا تۇرۇپ، نەخ مەيدان كۆرستىش، ئاڭلىتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە پۈتۈن زالدا يىغا- زارە بولۇپ كەتكەن.....شۇ يىغىنغا قاتنىشىپ بولۇۋاتقان پائالىيەت -ھەرىكەتلەردىن تەسرلىنىپ. خۇددى ئانىسىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلىغاندەك، يىغلىغان گوننار خانىم، مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشقان كىشىلەردە چوڭقۇر تەسرات قالدۇرغانلىقتىن،" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى "جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى"

-سەن، گوننار خانىم ئامېرىكىغا بېرىپ، رابىيە قادىرنىڭ ئېرى سىدىقھاجى روزى ۋە ئۇنىڭ بالا -چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىگىلار

دەپ، ئەر خوتۇن ئىككىيلەننى ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن ئىكەن.

2005-يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى گوننار خانىم يولدىشى بىلەن ۋاشىنگتۇنغا مېنىڭ ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى. ئۆيدە مېھمان قىلىپ، پولا ئېتىپ، لەغمەن ئېتىپ باللىرىم، بۇ مېھمانلارنى ئۆيدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. شەنبە كۈنى ئىدى، بىر كۈن دىگۈدەك، باللىرىم مېھمانلار بىلەن بىللە بولدى. ۋاشىنگتۇن شەھرىنى ئايلاندۇردى. يەكشەنبە كۈنى گوننار خانىم ۋە يولدىشى ئۆيىمىزدە بىر كۈن مېھمان بولۇپ، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر بىلەن مېنىڭ توي قىلىش تارىخىمىزنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

- شۇنداق، سىدىقھاجى روزى سىز، رابىيە قادىر بىلەن دەسلەپتە كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىرنى ئالىمەن دەپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلالماپسىز، ئەمما رابىيە قادىر سىزگە تېگىمەن دەپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپتۇ. ئۇيغۇرلاردا شۇنداق قائىدە بارمىدى ؟(كۈلكە )

-ياق، ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ئەرلەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان قائىدە يوق ئىدى.

-مەن، بۇ ئىشقا ھەيرانمەن.

-شۇنداق، ھەيران بولسىز چۈنكى، شۇ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ شۇنداق مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدىن رابىيە قادىرنىڭ قانچىلىك جۈرئەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايسىز.....( كۈلكە )

-دېمەك، سىزنى تۇرمىدىن يېڭى چىقتى..... مىللى ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان قەھرىمان دەپ،مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىكەن، -دە! كۈلكە)

-شۇنداق گوننار خانىم.

گوننار خانىم ئەسلى لاتۋىيىلىك يېڭى مۇستەقىل بولغا ن دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەن. نۇرۋىگىيىگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەن. 24ياشلار ئەتراپىدا. " رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى "گە بىكار چاغلىرىدا خالىس ئىشلەپ بېرىدىغان قىز ئىكەن.

-خانىم،- مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم. 1939-يىلى "روسىيە، گېرمانىيە شەرتنامىسى "ئىمزالانغاندىن كېيىن بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەت روسىيىگە قوشۇپ بېرىلگەن. روسىيە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەر 1918-يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىغان مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىدى.خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خىتاينىڭ كوممۇنىستلەر ئارمىيىسى 1949-يىلى10 -ئايدا ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرستان، ئۇيغۇرلار1944 -يىلى 3-قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغان مۇستەقىل دۆلەت ئىدى.1945 -يىلى ۋە 1950-يىلى ئىككى قېتىم ئىمزالانغان "روس خىتاي شەرتنامىسى"نىڭ روھى بويىچە، خىتاي قىزىل ئارمىيىسى ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. لاتۋىيە بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش تەقدىرى ئوخشاش، ئازاد بولۇش تەقدىرىمۇ شۇنداق ئوقشاش بۇلارمۇ، خانىم ؟

-ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ!!! كۈلدى گوننار خانىم.

زامان،ۋاقىت ھەل بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدۇ.زامان ئىچىدە ئۇيغۇردەك مىللەتلەرمۇ نېمە ئىش قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

**نۇرۋېگىيىدىن "رافتو تەشكىلاتى"نىڭ رەھبەرلىرى كەلدى**

2005-يىلى1 -ئاينىڭ 25 -26- كۈنلىرى

"رافتو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى "نىڭ ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن 5 نەپەر كىشى نۇرۋېگىيىدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ئارنا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئايالى تېرىسا خانىم، بىر نەپەر كامېراغا ئالغۇچى، ۋە بۇ تەشكىلاتنى قوللايدىغان ئىككى نەپەر نۇرۋېگىيىلىك سودىگەر كىشلەر قوشۇلۇپ جەمئى 5 نەپەر كىشى نۇرۋېگىيىدىن ۋاشىنگتونغا - مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئىقتىسادى ئەھۋالىم ناچار بولغاچقا بۇ كىشلەرنى تۈزۈك كۈتۈپ ئالالمىدىم.

1-ئاينىڭ26 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىرايىن بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىرزالدا رابىيە قادىر ئېرىشكەن 2004-يىللىق "رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى"نىڭ دىپلومىنى رابىيە قادىر تۈرمىدە بولغانلىقتىن ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا تاپشۇرۇپ بىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ۋىرجىنىيا شىتاتىدىن دۆلەت مەجلىسگە ئەزا بولۇپ سايلانغان تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قوللايدىغان دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى فىرانك ۋولف ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دېمۇكىراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەمگەك ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

"كۆزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىم مۇراسىمغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. مېيكى خانىم ماڭا 6 يىل غەمخورلۇق قىلىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، 6 يىل ئۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئىشلىگەن ئايال ئىدى.

"خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت.كومار ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا ئىنتايىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.( رابىيە قادىر قولغا ئېلىنماستىن بۇرۇن ماڭا، ئامېرىكىغا چىقىرىپ بەرگەن " شىنجاڭ گېزىتى"،" ئىلى گېزىتى"، "قانۇنچىلىق گېزىتى"، قاتارلىق ۋەتەندە ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان، خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىتلەرنى مۇشۇ كىشىگە ت.

كومار ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بېرەتتىم. )
مۇراسىمغا يەنە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەھبىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ، ھارماي - تالماي كۆرەش قىلغان گۈزەل ئايال سۈزىن خانىم كېلىپ قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.
مۇراسىمغا يەنە100 نەپەردىن ئارتۇق ئامېرىكىلىق، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كاتىپلىرى، ئىشخانە مۇدىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار كېلىپ قاتناشتى.
مۇراسىمغا يەنە نۇرۋېگىيەدىن يېتىپ كەلگەن،" رافتو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى"نىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى كېلىپ تولۇق قاتناشتى.
ئەپسۇس،مىڭ ئەپسۇس ھىلارى كىلىنتۇن خانىم مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن، لېكىن بۇ خانىم يىغىنغا يېتىپ كېلەلمەي قالدى، شۇڭا مىڭ ئەپسۇس.
"ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ تىبەت بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مۇخبىرلار، شۇ رادىئونىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان بىر نەپەر مۇخبىر، بىرما بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مۇخبىرلار،" ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى"نىڭ خىتاي مۇخبىرلىرى، تەيۋەننىڭ مۇخبىرلىرى، تۈركىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ مۇخبىرلىرى، ئامېرىكىنىڭ قىسمەن مۇخبىرلىرى، نۇرۋېگىيە تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ مۇخبىرلىرى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى.
مۇراسىمدا نۇرۋېگىيە " رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ باشلىقى ئارنا ئەپەندى ئاۋۋال سۆز قىلىپ،1997 -يىلى2 -ئاينىڭ5 - كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىسيانكار ئۆلكىسى ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى، كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ قانداق باستۇرغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتتى.
ئارنا ئەپەندى، ئۇيغۇرنىڭ مەرھۇم مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى

ئابدۇېرھىم ئۆتكۈرنىڭ "ئىز " ماۋزۇلۇق شېئىرىنى دېكلىماتسىيە قىلدى:
.............تاپقۇسى بۇ ئىزنى بىركۈن نەۋرىمىز، يا چەۋرىمىز.
شۇڭغىچە ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان سىدىقھاجى روزى يىغلىدى..... يىغلىدى.... كۆزىدىكى ياشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالما سلىقى ئۈچۈن تورۇسقا، زالنىڭ تورۇسغا قارىۋالدى.......
مۇراسىمدا قىزىم ئەقدەم ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا، ئۇنىڭ تۇرمىدىكى ھاياتى توغرىسىدا ھەتتا بىر پىيالە قىزىل مۇچ- سامساقنىمۇ ساقچىلارنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقى، رابىيە قادىرنى تاماقتىنمۇ قىينايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتى... ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەيتى، بىر تەرەپتىن يىغلايتى.
-مەن ئامېرىكىغا 12 يېشىمدا كەلدىم.... كىچىك سىڭلىم ئامېرىكىغا 9يېشىدا كەلگەن ئىدى...... بىز تېخى ئانىمىزنىڭ مېھرىگە، ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان ئىدۇق. 6 يىل بولدى،ئانىمىزدىن تىرىك ئايرىلدۇق. يا تېلېفون ئارقىلىق ئامان -ئېسەنلىك سورىشالمىدۇ ق ئانىمىز بىلەن،
يا خەت ئارقىلىق سالاملىشالمىدۇق ئانىمىز بىلەن. ئانام تىرىك خىتاينىڭ تۇرمىسىدە...... بىز ئامېرىكىدا. بىز ئامېرىكىغا دېموكراتىيە ئىزدەپ كەلگەن ئىدۇق، ئەركىنلىك قانداق بولىدۇ، كۆرگىلى كەلگەن ئىدۇق......بىزگە ئامېرىكىدىمۇ خىتاي ئارامىلىق بەرمىدى......ئانا.......بالا.... بالا...... ئانا، قىزىم ئەقدەم يىغلايتى. پۈتۈن زال تىمتاس بولۇپ كەتتى....كۆزلىرىدە ياش ھەممىسى قىزىم ئەقدەمگە تىكىلىپلا قالدى.......
بىر نەپەر ئامېرىكىلىق مېھرىبان كىشى :ئۆمرۈمدە بۇنداق ئېچىنىشلىق سورۇننى كۆرمىگەن ئىدىم، دېگەن ئىمىش.
سىدىقھاجى روزى سۆز ئالدى:
ھۆرمەتلىك يىغىن، مۇراسىم ئەھلى، ئايالىم رابىيە قادىر ھازىر خىتاينىڭ تۇرمىسىدە. رابىيە قادىر،2004 -يىللىق نورۋېگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ يىللىق خەلقئارالىق مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەن بۇگۈن بۇ يەردە:
"خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى ۋە بارلىق ئەزالىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلدى.
"كۇزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە بارلىق رەھبەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى.
"راپتۇ كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە رەھبەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش جەھەتتە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئامېرىكا خەلقىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن نورۋېگىيە خەلقى ۋە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن دېدىم......
سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم :
-ھازىر ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۈچ جەھەتتە يوقىتىش سىياسىتىگە دۇچ كەلدى....
1- ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قولىغا ئېلىش تۈزۈك سوت قىلمايلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش سىياسىتىگە دۇچ كەلدى....
2- ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيتى مائارىپى خىتاينىڭ خىتايلاشتۇررۇش سىياسىتىگە دۇچ كەلدى.....
3- ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت نامىدا پىلانلىق ئۆلتۈرۈش سىياسىتىگە دوچ كەلدى.....
يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوننىڭ ئۆزبېك رەئىسى ئىسمايىل تېلىۋالدى، خىتاينىڭ 5 يىللىق پىلانى ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياستى توغرىسىدا توختۇلۇپ5 : يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مەزگىلىدە

3مليۇن نارەسىدە ئۇيغۇر بوۋاقنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48%، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ 58% بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.....

ئۆتكەن يىلى 2004-يىلى9 -ئاينىڭ 15 -كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لې چۈەن،1 -ئايدىن8 -ئايغىچە 22 مەخپى قۇرۇلغان سىياسى تەشكىلاتنى پاش قىلىپ، بۇنىڭدىن 53 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكنى ئېلان قىلدى.

ئاق كۆڭۈل دۇنيا، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان دۇنيا، ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارغا مۇنداق ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھېچ قانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

لېكىن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئامېرىكا خەلقى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلانى باستۇرۇشىغا قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلدى.

-مەن بۈگۈن بۇ يەردە ئۈمىد قىلىمەن:

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نامىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرى ۋە بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر توغرىسىدا، ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك جەھەتتە تازىلىماقچى، يوقاتماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. پىرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ قانۇن لاھىينى دۆلەت مەجلىسگە قايتۇرۇۋەتمەي، بۇ قانۇن لاھىيگە ئىمزا قويۇپ ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ بۇ قانۇنىنى" ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماقۇللىغان قانۇن "قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نورۋىگىيە ھۆكۈمىتى ۋە نورۋىگىيە خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنياۋى سىياسى رېياللىق ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە داۋاملىق چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا، "رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيتى"نىڭ باشلىقى ئارنا ئەپەندى، رابىيە قادىرغا بېرىلگەن "رافتو مۇكاپاتى" نىڭ

دىپلومنى ماڭا، سىدىقھاجى روزىغا تاپشۇردى. زال ئىچىدىكى كىشىلەر چاۋاك بىلەن تەبرىكلىدى.
مۇراسىم ۋاشىنگتون ۋاختى كەچ سائەت 5تىن كەچ سائەت7 گىچە داۋاملاشتى.
قىزنىغى شۇ يەردىكى، بۇ قېتىمقى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئەسلىدە 2005-يىلى1 -ئاينىڭ 7 -كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى، ئامېرىكا" دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى" مۇراسىمنىڭ ئۆيكۈزۈلۈش ۋاختىنى1 -ئاينىڭ 26-كۈنگە ئۆزگەرتتى.

**نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى**

2005 -يىلى 2-ئاينىڭ2 -كۈنى

ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى، ئۇيغۇرىستاندا يېتىشىپ چىققان، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى نامايەندىسى ئايال سودا -تىجارەتچى، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر، بۇ يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.
شاڭگاڭدىن كەلگەن خەۋەر :
چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ماتېرىيال يوللاپ بەرگەن، دەپ جىنايەت ئارتىپ 8يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىغا5 يېرىم يىل تولغان كۈنلەردە، رابىيە قادىر2005 -يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.
رابىيە قادىر2004 -يىلى9 -ئايدا نورۋىگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ،2004 -يىللىق كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ساھىپ بولغان ئىدى. مۇكاپات تارقاتقۇچى تېرىسا خانىم،رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئاياللار ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى رېيال مەدھىلەپ ئۆتكەن. بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىشىلەر ئۆتمۈشتە نوبىل مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشكەن.

2005-يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات كۆرسىتىش بۇ يىل2 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئاخىرلاشتى. شاڭگاڭ" ئالما گېزىتى"نىڭ، "رويتېرس ئاگېنتلىقى"نىڭ خەۋەرلىرىدىن ستاتا كەلتۈرۈپ تارقاتقان خەۋىرىدە : نۇرۋېگىيە ئوسلو تىنچلىق تەتقىقات ئىنىستىتوتىنىڭ رەئىسى،3- دۇنيا ئەللىرى ئاياللىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن كومىتېتىمىز بۇ يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى 58ياشلىق رابىيە قادىرغا بېرىشى مۇمكىن، دىدى دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەردە مۇنداق كۆرسىتىلدى : نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتى نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلمىدى لېكىن رابىيە قادىر ئالىلقاچان نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ كاندىدات نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىلدى، دىدى رەئىس.

رابىيە قادىر،1999-يىلى8 -ئايدا" شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يىتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلار چۈشكەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇم مېھمان خانىسىغا كېتىۋاتقاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 2000-يىلى3 -ئايدا، 8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

خەۋەردە يەنە مۇنداق كۆرسىتىلدى : ئۇيغۇرىستان، " شىنجاڭ " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شىركەت قۇرغۇچى ئايال سودىگەر رابىيە قادىر، 180مىلىيۇن يۈەنلىك كۆچمەس مۈلۈككە ئىگە ئىدى. ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان " ۋال كوچىسى گېزىتى"دە، رابىيە قادىر جۇڭگودىكى بايلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. رابىيە قادىر جۇڭگودا سىياسى كېڭەشكە ئەزا بولغان، 1995-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن 4-قېتىملىق خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. رابىيە قادىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى، ئاياللارنىڭ مۇئارىپ، تەرەققىيات ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان ئايال ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزى 1996-يىلى ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىپ، سىياسى پاناھلىق تىلەپ، ئامېرىكىدا ئۇيغۇرىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت قىلغان كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىر، جۇڭگودا سىياسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان." ئالما گېزىتى"نىڭ خەۋىرى مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتى.

**"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ خەۋىرى**

2005-يىلى2 -ئاينىڭ7 -كۈنى

"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى7 "-كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى : پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى، كېلەر ئايدا جەنۋەدە ئېچىلىدىغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا دوكلات سۇنۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا تەرەپكە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ياكى جازا مۇددىتى قىسقارتىلغان 51نەپەر مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇردى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى جۇڭگونىڭ سىياستىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشتى.

ئامېرىكىدا تىزىملاتقان " دېئالوگ فوندى جەمئىيىتى"نىڭ ئاشكارىلىشىغا ئاساسلانغاندا،ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆتكەن ھەپتە بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە جۇڭگو تەرەپ يۇقىرىقى تىزىملىكنى تاپشۇرغان. ئۆتكەن يىلى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا مۇددىئانامە ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى بىر تەرەپلىمە توختاتقان. ئۆتكەن يىلى10 -ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا

تەرەپكە خۇپپيانە خەۋەر يەتكۈزۈپ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.( سۆز مەتبۇئات ھوقۇقى دېگەن مۇنداق بولامدۇ ؟ ھۆكۈمەتلەر ئارا خۇپپيانا سۆھبەتلەرنىمۇ گېزىتلەردە ئېلان قىلىدىغان.....)

خىتاي ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان تىزىملىكتىكى 51 نەپەر سىياسى مەھبۇسنىڭ ئىچىدە 17 نەپەر كىشى ئالىلقاچان تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. 29 نەپەر مەھبۇسنىڭ جازا مۇددىتى كېمەيتىلگەن، 5نەپەر سىياسى مەھبۇسنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جۇڭگۇ ھۆكۈمىتى ھازىر ئويلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. 5 نەپەر مەھبۇسنىڭ ئىچىدە 3نەپەر مەھبۇسنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. قالغان2 نەپەر سىياسى مەھبۇس ئالدىمىزدىكى5 -ئاي ئىچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن. ( بۇنىڭ ئىچىدە رابىيە قادىرمۇ بارمدۇ؟ )

### "مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم"

2005-يىلى 3-ئاينىڭ17 -كۈنى

تەبىئەتتە ھەر كۈنى تاڭ ئاتىدۇ. لېكىن بۈگۈن بۇ تاڭ ماڭا باشقىچە بىر تاڭ بولۇپ تاڭ ئاتتى. تاڭ، تاڭ ئېتىش تەبىئەتتىن ئادەملەرنىڭ مەنىۋى پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش دۇنياسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىزگۇ كۈنلەرنىڭ، ياخشى كۈنلەرنىڭ، ئازادلىق، ھۆرلۈكنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ كەلگەن." تاڭ ئېتىش" ، مەڭگۇ ئېپادىلەيدىغان، تەسۋىرلەيدىغان تېما بولۇپ ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ماڭا بۈگۈن شۇنداق تاڭ ئاتتى. مەن ئامېرىكىغا ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دەردىنى دەۋا قىلىمەن دەپ كەلگەن ئىدىم. مەن، قىلىمەن دېگىنىمنى قىلىشىم كېرەك.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مۇشۇ سۆزلىرىم، مۇشۇنداق خىياللىرىم، مۇشۇنداق ھەرىكەتلىرىم، ئېھتىمال باشقىلارنىڭ نەزىرىدە دۈشمەنلىك بولۇپ جىنايەتچى دەپ، قارىلىنىشىم مۇمكىن ئىدى. مەن ئادەم، شۇڭا

مەن قىلمەن دېگىنىمنى قىلىشىم لازىم. ئۇنداختا مەن، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئاخماق ئادەم ئىدىم. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئاخماق ھېسابلايتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر قورساق ئۈچۈن ياشىغان بولسام، مەن ئەقىللىق ئادەم ھېسابلىناتتىم. شۇڭا مەن ئامېرىكىغا كېلىپ شۇنداق "ئاخماق" ئادەملەر قىلىدىغان "ۋەتەن" ،" مىللەت" ، دەيدىغان "ئاخمىقانە" ئىشلارنى قىلدىم.

شۇنداق قىلغانلىقىم، شۇنداق ئاخماق ئىشلارنى قىلغانلىقىم، ئامېرىكا خەلقى ئېچىپ بەرگەن رادىئو ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىگە لېكسىيە سۆزلىگەنلىكىم يەنە بىر سەۋەپ بولۇپ مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى، 1999-يىلى8 -ئاينىڭ 11 -كۈنى خىتاينىڭ ساقچىلىرى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامالدى......

1996-يىلى-4 ئاينىڭ24 -كۈنى ئايرىلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، توپ -توغرا 9 يىلدىن كېيىن ئىككىمىز ۋاشىنگتوندا ئۇچراشتۇق، ۋاشىنگتوندا دىدارلاشتۇق، ۋاشىنگتوندا قۇچاقلاشتۇق. ئانىسى رابىيە قادىر 5نەپەر بالىسى بىلەن ۋاشىنگتوندا ئۇچراشتى. شۇڭا بۈگۈن مېنىڭ باللىرىمغا ۋە ماڭا ۋاشىنگتوندا تاڭ ئاتتى.

ھەر كىم ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ نېمىلىكىنى ھەر كىم ئاندىن چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرگە ھەمدەم ۋە ھەمدەرت بولالمايدۇ.

رابىيە قادىر، ئامېرىكىنىڭ چىكاكو شەھرىدە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، مۇخبىرلارغا، مۇخبىرلارنىڭ تىلى ۋە تاراتقۇلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا : مەن ئۇيغۇر، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدۇم، مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم، رەھمەت ئامېرىكا خەلقى دەپ، ئېلان قىلدى.

بۇ كۈن 2005-يىلى-3 ئاينىڭ17 -كۈنى باھار ئايلىرى ئىدى، دېمەك،ماڭا باھارنىڭ تېڭى، ۋاشىنگتوندا تاڭ ئاتقان ئىدى. رابىيە قادىر ئۆرۈمچى باجىياخۇ ئايالار تۈرمىسىدىن ئايروپىلانغا چىقىپ ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندا ئۆرۈمچىدە قالغان 5 بالىمىزغا خوش دېيەلمىدى، ئۇرۇغ -

تۇغقانلىرىغا خەير - خوش دېيەلمىدى پەقەت ئايروپىلانغا چىقىپ ۋەتىنى ئۇيغۇرستانغا خەير -خوش دېيەلىدى......

ئەر خوتۇن ئىككىمىزنىڭ كىمگىدۇر بىرسىگە مىننەت قىلىدىغان ۋايساشلىرىمىزمۇ يوق، ئەر خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ قاراپ، تاشلاپ كەلگەنلىرىمىزگە ئېچىنىپ، يوقاتقانلىرىمىزغا پەرشان بولۇپ پۇشايمان قىلىدىغان ئادىتىمىزمۇ يوق. يوقنىڭ دەردىنىمۇ تارتىپ باققان، بارنىڭ دەردىنىمۇ تارتىپ باققان ئەر خوتۇن بىز. دۇنياغا نېمىشقا كەلدۇق، بۇنىڭ ئۇچۇن بىزنىڭ ئاتا -ئانىمىز ئەيىپلىك ئەمەس. ھەر بىر بەندە پەقەت تەقدىرنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن يارىتىلغان خالاس. تۇغۇلۇپ ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئېتىكىگە چۈشتۇق، ئاتا -ئانىمىزنىڭ ئېتىگىدىن يەرگە ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننىڭ تۇپرىقىغا يەرگە دەسلىدۇق. بۇ يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، بىزنىڭ زېمىنىمىز ئۇيغۇرستان ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان بارلىق ئۇيغۇرنىڭ تۇپرىقى، ۋەتىنى، زېمىنى شۇ ئىدى. لېكىن بۇ تۇپراقنى، لېكىن بۇ زېمىننى، لېكىن بۇ ۋەتەننى كەلگىندى ختاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىدى. بىزنىڭ زېمىنىمىز شۇڭا مۇستەملىكە زېمىن ئىدى. بۇ دۇنياغا ئۈچ ۋاخ تاماق ئۇچۇن كەلمىگەن ئىدۇق، شۇڭا،ئەر خوتۇن ئىككىمىز ئۈچ ۋاخ تاماق ئۇچۇن ياشمايتۇق. ۋەتەن بىزگە زېھىن ئاتا قىلدى، ۋەتەن بىزگە ئەقىل ۋە ئاڭ ئاتا قىلدى. ۋەتەن بىزگە رىسق ئاتا قىلدى، ۋەتەن بىزگە دۇشمەن ئاتا قىلدى. ئەمدىكى گەپ شۇ ۋەتەننىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى ئۇچۇن كۆرەش قىلىش ئىدى. ختاي تىللىق دۇشمەنلەرمۇ بىزگە يۇپۇرۇلۇپ كېلىشتى، ئۇيغۇر تىللىق دۇشمەنلەرمۇ بىزگە يۇپۇرۇلۇپ كېلىشتى. بىز كۆرەش قىلدۇق، مۇشۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئاخماق بولسا بىز ئەر خوتۇن ئىككىمىز ئەنە شۇ ئاخماقلاردىن بولۇشقا تەييار ئىدۇق.

مەن كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. رابىيە قادىر تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمنىڭ بىر تەرىپى يورۇق ئىدى. بۈگۈن -ئەتە، ئۆگۈن ئۈمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر مېنىڭ يېنىمغا يېتىپ كېلىدۇ،

دەپ ئويلايتتم. هامان بىر كۈنى تۈرمىدىن چىقىپ مېنىڭ يېنىمغا ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇراتتى. ئاخىرى شۇنداق بولدى شۇ كۈنلەر ماڭا 9 يىلدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەن ئۆزۈممۇ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئادەم بولغاچقا باشقىچە پىكىردە ئەندىشىلىك خىياللاردىن قۇتۇلالمايتتىم. ئاچ قويۇپ بولسىمۇ بىر ئىككى كۈن ئىچىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ تۇرغان گەپ ئىدى.......

3-ئاينىڭ 17 -كۈنى ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن 3-ئاينىڭ15 -كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن قىزىم ئەقىدەمگە، ئۆيىمىزگە تېلېفون كەلدى :

- سىلەر هازىر قەيەردە، ئوكلوخومادىمۇ ياكى ۋاشىنگتۇندىمۇ ؟

-بىز هازىر ئائىلىمىز بىلەن ۋاشىنگتۇندا، هەممىمىز بىر ئۆيدە، جاۋاب بەردى قىزىم ئەقىدەم.

- بىز هازىر 9 نەپەر كىشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە سىېنىڭ داداڭ ۋە سەن بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىمىز دەپ، تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىمىز.

ماقۇل مەن سىلەرنىڭ تېلېفونڭلارنى ئاڭلايمەن دەپ جاۋاب بەردى قىزىم ئەقىدەم.

- ئانڭىز رابىيە قادىر،هازىر بېيجىڭدە ئايروپىلان ئىستەنزىسىدە ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.......بۇ گەپنى ئاڭلىدىيۇ،- قىزىم ئەقىدەم مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.....ئارقىدىنلا مەنمۇ كۆز يېشىمنى تۇتۇپ ئالالمىدىم. ئازاپلىنىش هېسسىياتىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان شاتلىنىش هېسسىياتى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىزىمنىڭ ۋە مېنىڭ ئىنسانلىق تۇيغۇمىزنى تاتىلاۋاتاتتى. قىزىم ئەقىدەم يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئامېرىكا خەلقىگە ۋە ئامېرىكا هۆكۈمىتىگە رەهمەت دېيەلىدى. مەن هەم شۇنداق رەهمەت ئېيتتىم. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تېلېفون بېرىۋاتقان ئەپەندىم:

-سلەرگە خەۋەر يەتكۈزدۇق. سلەرنى خوش بولسۇن دىدىۇق. براق، رابيە قادىر ئايروپىلانغا چىقىپ، ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلمىگىچە ھەر قانداق كىشىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزمەيسىلەر.
- بولىدۇ، بىز چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، دىدى قىزىم.
شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىقتا چۈمدۇق، ئۆيىنىڭ ئىچىنى ۋە تاشقىرىنى تازىلاشقا باشلىدۇق. ھەر قانداق كىشىگە، ھەر قانداق ئۇيغۇرغا خۇشاللىقىمىزنى چاندۇرۇپ قويمىدۇق.
بۇ خەۋەرنى رابيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى،ئايروپىلانغا چىققانلىقىنى، ئايروپىلاننىڭ ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ب ب س پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى.(پۈتۈن دۇنيادا خەۋەرنىڭ ئورگىناللىقى، يېڭىلىقى ب ب سدىن ئاشمايدىكەن.)شۇنىڭدىن كېينلا مەن ئۆمۈرلۈكۈم رابيە قادىرنىڭ ئايروپىلانغا چىققانلىقىنى ۋاشىنگتۇندا ياشاۋاتقان، كانادادا ياشاۋاتقان كامىل تۇرسۇن قاتارلىق يېقىنلىرىمغا ئاڭلاتتىم. ئۇكام دېمەتلىك دوستۇم كامىل تۇرسۇن:
- ئايروپىلانغا چىققان بولسا، كەلگەندە ھېساب دەڭە، دېمەسمۇ. يۈرۈكۈم جىغغىدا قىلىپ قالدى........خىتاي ئايروپىلاننى كەينىگە قايتۇرۇپ كېتەرمۇ. لېكىن ئايروپىلان ئامېرىكا ھاۋا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانى ئىدى.....ئەلبەتتە رابيە قادىر ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇراتتى. بەلكى شۇنداق ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇشى مۇمكىنمىدۇ، دۆلەتلەر ئارا يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە مۇناسىۋەتلەردە.......تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تېلېفون قىلغان ئەپەندىمىنىڭ...... ئايروپىلانغا چىقىپ.... ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرلمىگىچە... دېگەن سۆزي بىلەن كامىل تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ - كەلگەندە ھېساب دەڭە، دېگەن سۆزىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇردۇم. مۇزدەك بىر سوغاق ئېقىم تاپىنىمدىن ئۆرلەپ مېڭەمگە چىقتى....خۇدا ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم.
2005-يىلى بېيجىڭدىن چىكاكوغا چۈشۈپ، چىكاكودىن

ۋاشنگتونغا قاراپ ئۇچقان ئايروپىلان ۋاشىنگتون ۋاقتى كەچ سائەت 9دا ۋاشىنگتون رىگان ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى. رابىيە قادىر ۋە بېيجىڭدىن رابىيە قادىر بىلەن بىللە كەلگەن ياشقىنە بىر نەپەر ئامېرىكا ئەمەلدارى، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى جىلىل ئەپەندىلەر، رابىيە قادىر بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

ئاڭغىچە ۋاشىنگتوندا ياشاۋاتقان 150 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار رابىيە قادىرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايروپىلان ئىستەنزىسگە توپلانغان ئىدۇق. باللىرىم ئىشىكتىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئانىسىنى كۆرۈپ، رابىيە قادىرغا قاراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىغا ئېتىلدى.ئۇيغۇر كىشىلەر بۇ دەقىقىلەرنى ئالقىشلىدى، ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە رابىيە خېنىمنى ئامېرىكىنىڭ بايرىقى ئىچىگە ئېلىپ قوچاقلىدىم...... مەن بۇ كۈنلەرنى ئۇزۇن زامان كۈتكەن ئىدىم.....

ئامېرىكىدا رادىئو گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى رابىيە قادىردىن ۋە ئۇيغۇر ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىشتى. ئايروپورت زالىنىڭ ئىچى قاينام- تاشقىنلىققا چۆمۈپ كەتتى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل رەھبىرى سۆزىن خانىم ئايروپىلان ئىستەنزىسگە يېتىپ كېلىپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەمخورلىقىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتتى.

باللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ۋەتەندە ئۈرۈمچىدە قالدى، بىر قىسمى ۋاشىنگتوندا بۈگۈن پۈتۈن ئائىلە جەم بولدۇق.

3-ئاينىڭ18 -كۈنى ۋاشىنگتوندا يەنە ئادەتتىكىدەك تاڭ ئاتتى. رابىيە قادىر ۋاشىنگتوننىڭ سۈزۈك ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، 6 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم قوياش نۇرىنى كۆرگەن بولدى. ئايرىلىپ كەتكەن باللىرى ۋە ئېرى سىدىقھاجى روزى بىلەن، رابىيە قادىر 9 يىلدىن كېيىن جەم بولدى.

كەچتە قىزىم ئەقدەم مېنى يېنىغا تارتىپ:

-دادا ئانام مېنى تونۇمدى........، ئۇكىلىرىمنى تونۇمدى.......مەن ئانامنى شۇنچە سېغىنغان ئىدىم.....ئانام بىزنى ئېسىگە ئالالمىدى، دېدى يىغلىدى. مەن:

-قىزىم، ھازىر ئاناڭنىڭ ئېسى يوق، سىنىمۇ. ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىمۇ دەرھال تونۇپ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ.ۋاقىت كېتىدۇ، كېمىدە 3 ئايدىن كېيىن تولۇق ئېسىگە كېلىدۇ، دېدىم.

..... شۇنداق قىلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگىتۇندا قايتىدىن باشلاندى.... يول ئۇزۇن.... ھاياتلىق يولى بەك ئۇزۇن ھۆرلۈك يولىمۇ بەك ئۇزۇن ئەگەر ئاللاھ، خالىسا ھۆرلۈك يولى بەلكى دەققە ئىچىدە يورۇپ كېلىدىغان يولدۇر.

## ئامېرىكا 5

2002 -يىلى12 -ئاينىڭ27 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينېر ئەپەندى، مۇنداق كۆرسەتتى: سۆھبەت ۋەكىللەر ئۇمىكىمىز بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ12 -ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى كەيپىيات جەھەتتە ئوچۇق بولدى، دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

لورىن كىرەينېر ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى : بۇ قېتىم بېيجىڭ تۈنجى قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىنى ئېتىقادقا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى، پۇقرالارنى ئىقتىيارى قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگان ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگودا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا دەرھال، شەرتسىز قوشۇلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جىنايەتچىلەرنى خورلاش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئالاھىدە ئەمەلدارلىرىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدە يېڭى بىر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئېلان قىلغان باياناتى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتى ئورنىدا يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىندى. ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى بېيجىڭدە 16 -كۈنى باشلىنىپ 4كۈن داۋاملاشتى. ئامېرىكا تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بويېل ئەپەندى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەلچىسى خوف ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئىش بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى تونۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بېيجىڭدە جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن لورىن كېرەينېر ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قەدىمى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۇرۇمچى شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، يەرلىك خاقان ۋاڭ لېي چۈەن ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىگە ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتي بوش ئەپەندىنىڭ، يەر شارىنىڭ بۈگۈن ئۇيغۇرىستاندىكى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈپ : تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوزەك قىلالايدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق، دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭدە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كىشىلىك

هوقۇق سۆھبتى ئاخرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمتى 24-كۈنى بىر نەپەر مەھبۇس ختاي - شۈي ۋېنلىنى تۈرمدىن قويۇپ بەردى.
"قاپاق باش"،" ئەبگا "ئۇيغۇرلىرىم! ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، كىشلىك هوقۇق، دېمۇكراتىيە ئىشلىرى بويىچە مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ 12-ئاينىڭ 18-كۈندىن 19- كۈنگىچە ئىككى كۈن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغانلىقى توغرىسىدا سىدىقھاجى روزى يېزىپ قالدۇرغان جۈمللەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىدىقھاجى روزىنىڭ12 -ئاينىڭ بېشىدا روسىيە فېدېراتسىيسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن نېمشقا تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى.......؟ دېگەن بىر جۈملە سوئالنى ئوتتۇغا تاشلاپ قويغانلىقنى ئېسىڭلارغا ئالغايسىزلەر!
شۇنداق، روسيە فېدېراتسىيسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن 12- ئاينىڭ -3-2 كۈنلىرى تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى.....16كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نېمشقا ئامرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى دەرىجىلىك يۇقرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لورېن كېرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلدى؟ ختاي ھۆكۈمتى ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا سىگنال قويۇپ بىرىپ قارشى ئالدى. بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى باغلىنىشى زادى نېمە ؟!

**تىبەتلەر جۇڭگولۇق ئەمەس**

2003-يىلى1 -ئاينىڭ23 -كۈنى

تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى ساڭ دۇڭ رې بو 22-كۈنى تەيۋەن" بىرلەشمە گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇنداق كۆرسەتتى : تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمتى پرېزىدېنت چىن شۈي بىيەننىڭ تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دېگەن سۆزىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدۇ، بۇ سىياسى مەسلە ئەمەس( تازا سىياسى مەسلە نېمشقا سىياسى مەسلە بولمايدىكەن)، بەلكى جۇغراپىيە ۋە مەدەنيەت

ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىكى پاكىتتۇر.

"تىبەت سەرگەردانلىرى فوندى جەمئىيىتى" ۋەكىللىرىنىڭ دارامىسالانى زىيارەت قىلىپ، دالاي لامانى تەيۋەننى زىيارەت قىلىشقا يۈزمۇ-يۈز تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا ساڭ دۇڭ رىن بو : دالاي لاما پىرىنسىپ جەھەتتە تەيۋەننى زىيارەت قىلىدۇ، لېكىن ۋاقىت بېكىتىلمىدى، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما ئۆتكەن يىلى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى سايلامدىن ئۆتكەن ساڭ دۇڭ رىن بو ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى دىنى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەنتى.

مۇخبىر : تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتى چېن شۈي بىيەن ئوچۇق ئاشكارە ھالدا تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.ئۆتمۈشتە تەيۋەندە بەزى كىشىلەر، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللار جۇڭگولۇقلاردۇر، دېيىشكەن. بۇ توغرا ئەمەس ئىدى. تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى چېن شۈي بىيەننىڭ سۆزىنى قۇبۇل قىلامدۇ؟

جاۋاب: بىز بۇنداق ئاتاشنى قارشى ئالىمىز. بۇ يېڭىچە ئاتاش ئەمەس. بەلكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان پاكىت. جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا تىبەتلىكلەر ھەقىقەتەن جۇڭگولۇق ئەمەس. بۇدېگەنلىك سىياسى ماۋزۇ ياكى ئىغۋاگەرچىلىك ئەمەس. بەلكى بىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

مۇخبىر : تەيۋەن ھۆكۈمىتى تىبەتلىكلەرنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ كېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە تىبەتلىكلەرگە تەيۋەن ھۆكۈمىتى جۇڭگولۇقلار قاتارىدا ئەمەس بەلكى تىبەتلىكلەر دەپ قاراپ تىبەتلىكلەر ئورنىدا مۇئامىلە قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

جاۋاب : رەسمىيەت ئاددىيلاشتۇرۇشنى قارشى ئالىمىز، بۇ لاھىيە بىر يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

مۇخبىر : يېقىرىقى" فوندى "جەمئىيىتى دالاي لامانىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىشنى يۈز تۇرانە تەكلىپ قىلسا، دالاي لاما تەيۋەننى3 -قېتىم

زىيارەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب : بۇيىل ئۇ، تەيۋەننى3 -قېتىم زىيارەت قىلىشى مۇمكىن.

**ۋاشىنگتون**

2003-يىلى4 -ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۈگۈن :ئامېرىكا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىنى چۆرۈپ تاشلاپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان قانۇن لاھىيىسىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار : بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا لاھىيە ئاتپشۇرۇش مۇددىتى تۈنۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى خەۋەرنى "فىرانسىيە ئاگېنتلىقى"غا ئېيتىپ بېرىپ، بىز جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى، دەپ ئەيىپلەپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ۋاشىنگتون، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقنى جاكارلىدى. لېكىن بۇ ئەمەلدار : مۇشۇ مەسىلىلەر بويىچە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بەزى ئىلگىرلەشلەرگە ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ توختاپ قالغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا ئەسلىگە كەلتۇردۇق، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار يەنە: بېيجىڭ تەرەپنىڭ بەزى ئىلگىرلىشىنى قولغا كەلتۈردۇق، بىز بۇنىڭغا ھەقىقى ئىشىنىمىز، شۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز.... گەرچە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۇزۇندىن بېرى ئوسال بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ........، دېدى. ( بۇ دەل رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى

بلەن ختاي هۆكمىتى ئورتاق پىكرگە كەلگەن پەيتلەر ئىدى)  بۇ خەۋەر مۇ ئوخشاشلا(" دۇنيا گېزىتى"دىن ئېلىندى )

## "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"

2003-يىلى3 -ئاينىڭ16 -كۈنى

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگۇنىڭ سۆھبەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پىرېزىدېنت بوش هۆكۈمىتىنىڭ مۇهىم نىشانى دەپ، كۆرسەتتى.

تىبەت مەسىلىسى هەل قىلىنماي كېتىۋەرسە ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ، ئاق سارايىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان دوكلاتىدا تىبەت مەسىلىسى يۇقىرىقىدەك بايان قىلىندى.

جۇڭگو، تىبەت سۆھبىتى توغرىسىدا دوكلاتتا : جۇڭگو هۆكۈمىتى بىلەن دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىلهاملاندۇق، دېيىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق ئۇچرۇشۇپ تۇرۇشى ئۈمىد قىلىندى. دوكلاتتا : جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى هەل قىلىش لاهىيىسىنى هازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى تەپسىلى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

## دالاي لاما

2003-يىلى5 -ئاينىڭ21 -كۈنى

دالاي لاما ئۆتكەن ئايدا دارامىسلادا تېخنىكا پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تەيۋەنلىك سۇجىياخۋا ئەپەندىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى : ئەگەر مەن تىبەت ۋە جۇڭگوغا پايدىلىق ئادەم بولىدىغانلا بولسام، مەن جۇڭگوغا قايتىپ بارىمەن دەپ، كۆرسەتتى.ئەينى چاغدا بېيجىڭ بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ تەپەككۇر يولى "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" ، ئىدى، دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما.

سوئال : چەتئەل مەتبۇئاتلىرى سىزنىڭ ۋەكىللىرىڭىزنىڭ يەنە بىر

قېتىم بېيجىڭغا باردىغانلىقنى خەۋەر قىلىشتى. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولدى، سۆھبەتنى تاماملايدىغان ۋاقىت جەدۋېلى بارمۇ،-يوق.

دالاي لاما : ھازىر كونكرېت ئىلگىرلەشنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس. ئۆتكەن يىلى 9-ئايداتىبەت بىلەن جۇڭگو سۆھبەتلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بىز مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملىشىشىنى تەدرىجى تىنچلىق سۆھبىتىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، ئارىمىزدا تېخى ۋاقىت جەۋېلى تۈزۈلمىدى.

سوئال : ئەگەر سىزنىڭ جۇڭگوغا قايتىشىڭىش كونكرېت كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايسى ئىشلارغا يول قويغاندا، سىز جۇڭگو قايتسام بولىدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن؟

دالاي لاما :مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەت ۋە جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، مەن قايتىپ بارىمەن. مەن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايمەن ئىسمى -جىسمىغا لايىق ئۆزىنى -ئۆزى باشقۇرۇش ئىشقا ئاشىدىغانلا بولسا، مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەتكە پەيدىلىق بو لىدىغانلا بولسا، جۇڭگو، تىبەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەرەققى قىلدۇرۇشقا، تىبەتنىڭ مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشقا رول ئوينايدىغان بولسام مەن قايتىپ بارىمەن.

سوئال : ئەگەر جۇڭگو دائىرلىرى شاڭگاڭچە، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"'، تەساۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنداق تۈزۈمنى تىبەتنى باشقۇرۇش سىياستى قىلىپ بەلگىلەيدىغان بولسا، جاناپلىرى قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟

دالاي لاما : ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن 17ماددىلىق كېلىشىمنىڭ تەپەككۇرى، مەزمۇنلىرى "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم " تەپەككۇرىغا ئوخشاش ئىدى.

سوئال : تەن سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ تەيۋەن داۋالاش ئۆمىكىدىكىلەر سىزگە قانداق ياردەم قىلىشى مۇمكىن.

دالاي لاما:  ئۆتكەن يىلى1 -ئايدا ئازراق زوكامداپ قالدىم. ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم.

سوئال : تەۋەندىكى سىياسى ئەربابلارنى قانداق باھالايمىز ۋە ئۇلارغا قانداق تەكلىپ قويىمىز ؟

دالاي لاما : مەن سابىق پرېزىدېنت لى دىڭ خۇي بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم، تۇپ-تۈز شۇنداق سەممىي ئادەم ئىكەن. مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. لى دىڭ خۇي دىنغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. چېن شۈي بىيەن پرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن يەنىلا ئەركىنلىك، دېمۇكراتىيە ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، تىبەتلەرگە ئىنتايىن كۆپ غەمخورلۇق قىلدى.

**خىتاي يازغان ئاق تاشلىق كىتاب**

2003-يىلى 5-ئاينىڭ 27 -كۈنى

5-ئاينىڭ25 -كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈنجى قېتىم، "شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب " ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ تارىخىنى شەرھىلىدى ۋە جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "ئېگىزلىك " مەيدانىنى بايان قىلدى ۋە "شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، سىياسى ئەھۋالىنى ھەمدە" شىنجاڭ " ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇرىستانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىش، كېلىپ -كېتىش تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

" ئاق تاشلىق كىتاب"، 22000خىتايچە خەت بىلەن يېزىلدى. 10 قىسمغا بۆلۈندى. ئەڭ مۇھىمى" شىنجاڭ "مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

" ئاق تاشلىق كىتاب" ،" شىنجاڭ "ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ياشاپ كەلگەن رايون، ھازىر" شىنجاڭ"دا 47 مىللەت ياشايدۇ، جوڭگودىكى 5 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى بىرسى ئۇيغۇرلاردۇر، 5ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بىرسى" شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدۇ." شىنجاڭ"نىڭ

نۆۋەتتىكى نوپۇسى 19مىلىيون250 مىڭ نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 8مىلىيون،280 مىڭ،" شىنجاڭ "نوپۇسىنىڭ %45 تىنى ئىگىلەيدۇ دەپ، كۆرسەتتى.

" ئاق تاشلىق كىتاب "تا يەنە مۇنداق كۆرستىلدى : ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەپ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە "تۈركىستان" دېگەن بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭ مەنىسى بۇ زېمىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى دېگەنلىك بولاتتى. تۈركلەرنىڭ زېمىنى سىر دەريانىڭ شىمالى پاسىلىغا تۇتۇشۇپ كەتكەن شەرقى رايونلارنى كۆرستەتتى.18 -ئەسىرگە كەلگەندە "تۈركىستان " دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ جۇغراپىيىۋى مەنىسى مۇجمەللىشىپ كەتتى. " شىنجاڭ" غەربى خەن دەۋرىدىن باشلاپ بېرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك، جۇڭگۇنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان دەپ، كۆرسەتتى.

20-ئەسىر كىرگەندىن كېيىن،" شىنجاڭ "ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى، دىنى ئاكابىرلار " شەرقى تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى"، دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۇرۇپ، سىياسى بىلەن دىن بىرلەشكەن دۆلەت قۇرماقچى بولدى ھەمدە جۇڭگو 3000 يىلدىن بېرى تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى، دەپ ئاتاشتى.

20 -ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە40 -يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەسلەن، 1933-يىلى قەشقەردە " ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇلدى،1944 -يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە "شەرقى تۈركىستان " جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

20-ئەسىرنىڭ1990 -يىللىرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى، بۆلگۈنچىلەر، تېرورىزىملىق ھەرىكەتنى مۇھىم ھەرىكەت ۋاستىسىغا ئايلاندۇردي. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن11" - سىنتەبىر" ، ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا

تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇ ش پائالىيتى بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىيۇ، - لېكىن توختاپ قالمىدى.

1954-يىلى خىتاينىڭ مەركىزى ھۆكۇمىتى" شىنجاڭ"دا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيسىنى قۇرۇپ چىقتى. بېيىجىڭ يازغان "ئاق تاشلىق كىتاب"ئىدا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيسى ئىچكى - تاشقى مۇستەقىلچىلەرگە زەربە بېرىشتە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان بىر قورااللىق كۈچقا ئايلاندى، دەپ تەسۋىرلىدى.

## " ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى"

2003-يىلى5 -ئاينىڭ28 -كۈنى

دالاي لاما تەشكىللىگەن ئەلچىلەر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە ئالاقىدار تەرەپنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى27 -كۈنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇشھال بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ پەيتتە دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنى قارشى ئېلىشنى قارار قىلغانلىقى، تىبەت ئاپتونوم رايونىغا ئەينى چاغدا سېكرېتار بولغان، بۈگۈن جۇڭگو دۆلىتىنىڭ سېكرېتارى بولغان خۇجىن تاۋنىڭ تۇنجى قېتىم دۆلەت رەئىسى سۈپىتىدە پرېزىدېنت بوش بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرۇششىنى ئۆتكۈزۈش ھارپىسدا پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە تۇتقان سوغىسى دەپ قارالدى.

ئامېرىكا ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدھىلەپ، سۆز -ئىبارىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرۇششىغا كەيپىيات مۇھىتى تەييارلىغاندەك بولدى.

ئۆتكەن يىلى9 -ئايدىن كېيىن دالاي لاما يەنە بىر قېتىم لودى گېرەينى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ جۇڭگۇنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېروچېر ئەپەندى، 27-كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا باياناتىنى ئوقۇپ بەردى

:ئامېرىكا 25-كۈنى جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ شاڭخەيدە دالاي لامانىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى لودى گېرەيىنى قارشى ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتى.

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى ۋە دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى توغرىسىدا، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندى. ئامېرىكا، سۆھبەتلىشىش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىختىلابلارنى ھەل قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۆتكەن يىلى9 -ئايدا ئوخشاش ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە لىخاسانى زىيارەت قىلغاندا باياناتچى رىچارد بېروچېر باياناتىدا: بۈگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر جۈملىنى بايان قىلغان. ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى، ئۆتكەن يىلى باياناتچى رىچارد بېروچېر، مۇخبىرلار سوئال قويغاندىلا يۇقىرىقى جۈملىنى بايان قىلغان بۇ يىل بايانااتچى رىچارد بېروچېر، باشلىنىش بىلەنلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن باياناتىنى بايانات قىلدى.

ئىككى پارچە باياناتنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى، ئۆتكەن يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنى بىر جۈملە - سۆھبەتلىششش تىبەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدۇ، دېگەن بىر جۈملە ئارتۇق قويۇلدى.

**نە دىسەن، مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر**

2003-يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى

-6ئاينىڭ-1 كۈنى ۋاشىنگىتۇندىن تېلېفون تاپشۇرۇپ ئالدىم. تېلېفون بەرگەن...كىشى بىلەن ۋاشىنگىتۇندا تۇرغان چاغلىرىمدا تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدىم.

-سىدىقھاجى ئولتۇراملا! رادئودا ئىشلەيدىغانلارغا خەۋەر

كەپتۇ.....ختاي ساقچىلار رابىيە خانىمنى تۈرمىدە ئۇرۇپتۇ...كېسەل بولۇپ قاپتۇ... ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن، دىدى تېلېفوندا.

گاڭگىراپ قالدىم، ھاڭ بېقىپ قالدىم....مۇمكىنمۇ؟ سوئال -سوراق تۇگىدى، كېسىم ئېلان قىلىپ بولدى، بۇ مۇمكىنمۇ ؟ باللىرىم تېخى يېقىندىلا تۈرمىگە چىقىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كىردىغۇ، ختاي ساقچىلىرى كۆرۈشتۈرگەن ئىدىغۇ ؟ بىر ئىشنىپ بىر ئىشەنمەي، بىر ئەنسىرەپ بىر تىتىلداپ، ئاۋۋال بۇ خەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق" كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نيۇ يورك باش شتابىغا، ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مېيكى خانىمغا بالامنىڭ ئەنگىلىز تىلى ئارقىلىق يەتكۈزدۈم. جاۋابنى ئېلىپ، تۆت بالامنى ماشىنىغا سېلىپ ماشىنا ھەيدەپ 6-ئاينىڭ3 -كۈنى ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدىم.

ماشىنىمىز مىسسىسىپى شتاتىغا قاراڭغۇ چۈشكەندە يىتىپ كەلدى. ئازراق تاماق يەپ ئازراق دەم ئېلىۋالماقچى بولدۇق. ئۇچرىغان ياتاقنىڭ باھاسى قىممەت،شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق. ئازراق يول ماڭغاندىن بىر ئارىيەگە( ئۆتەڭگە ) يىتىپ كەلدۇق.تاماقنىمۇ شۇ يەردە يەپ شۇ ئۆتەڭدە ئارام ئالماقچى بولدۇق. ماشىنىدا ئولتۇرغىنىمىزچە كۆزىمىزنى ژۇمۇۋالايلى دىدۇق. كۆزىمىز ئەمدىلا ئۇيقۇغا بىرىۋىدى. ماشىنىنىڭ ئىچى تىنجىق بولۇپ كەتتى. سوغاق ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭمۇ كۈچى يەتمىدى. ئېچىۋىتەيلى، يا، دېرىزىنى ئېچىۋىتەيلى دىدۇق ئېچىۋەتتۇق. تالادىن سالقىن كىرەمدىكى دىدۇق،-دە. نەدىكىنى، تالادىن ئۇچۇپ كىرگەن پاشىنى يۈت قولىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپمۇ قوغلاپ چىقىرالمىدۇق....... -ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى چىرىقنى يېقىۋىتە بالام.......ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن پاشىمۇ ياكى يىگىنە ئاغۇچمۇ....؟ ختاي مۇمىسىنى كۆتۈرۈپ قاچىدۇ، دېگەن پاشىنى كۆرگەندەك بولدۇم....ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدۇق.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن. ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ

بەرگەن ئامېرىكا خەلقى، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈلى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئامېرىكا خەلقى، قوشۇمچە رادىئوغا سۆزلەيدىغان، ئۈچۈر يەتكۈزىدىغان بىكارلىق تېلېفون يولىمۇ ئېچىپ بەرگەن ئىدى. خۇدا مۇمكىنلىك يارىتىپ بەرگەن، جۈرئەت ئاتا قىلغان ئۇيغۇرلار شۇ تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق رادىئوغا ئۈچۈر يەتكۈزۈپ تۇراتتى، سۆزلەپ تۇراتتى. بۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچۈلۈكى، بېيجىڭ، گۇۋاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە تىجارەت بىلەن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىدى.

6-ئاينىڭ1 -كۈنى خوتەنلىك بىر نەپەر يىگىت بىكارلىق تېلېفون يولى ئارقىلىق "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمگە تېلېفون بىرىپ :

-يېڭىلا تۈرمىدىن چىققان ئانىسىنىڭ تۈرمىدە رابىيە قادىر بىلەن بىللە بىر كامېرغا بىللە سولانغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتىغا ئالاقىدار مەلۇمات، رابىيە قادىرنىڭ ئامانەت گەپلىرىنى رادىئوغا، ئابلىكىم باقىغا يەتكۈزگەن ئىكەن. ئابلىكىم باقى خوتەنلىك يىگىتنىڭ بىكارلىق تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق ئابلىكىم باقىغا سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئۈن ئالغۇ لېنتىسىگە ئېلىۋالغان ئىكەن. مەن بۇ لېنتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كېچىلەپ قىزىم ئەقىدە م ئەنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ھېلىقى ماڭا تېلېفون بەرگەن تونۇشۇممۇ بۇ خەۋەرنى ئابلىكىم باقىدىن ئاڭلاپ، ئابلىكىم باقى بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ماڭا يەتكۈزگەن ئىكەن.

رابىيە قادىرنى يەنە ساقچىلار سوئال -سوراققا ئېلىپ چىقىپ، ئامېرىكا بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار، دەپ سوراق قىلىپتۇ.....كېيىن ساقچىلار ئۇرۇپتۇ. رابىيە قادىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. رابىيە قادىر تۈرمىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقالمايدىكەن.....ئاجىزلاپ كېتىپتۇ...يېڭى كىرگەن سىياسى مەھبۇس ئاياللار بىلەن رابىيە قادىرنى كۆرۈشتۈرمەيدىكەن، ئۇچراشتۇرمايدىكەن....ئىككى نەپەر خىتاي ئايال جىنايەتچى رابىيە

قادىرنى نازارەت قىلىدىكەن . دىگەن مەزمۇنلارنى كېچىلەپ تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈردۇق.

ۋاشىنگتونغا بېرىپ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە داۋا قىلىشىم كېرەك ئىدى." كوزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مېيكى خانىم،تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇردى:

-سىلەر ئاۋۋال" كوزەتكۈچى" تەشكىلاتىمىزنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسىگە بېرىڭلار،سىلەرنى بىر كىشى كۈتۈپ ئالىدۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن كۆرۈشۈشنى شۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دىدى، تېلېفون ئارقىلىق.

ۋاشىنگتونغا يىتىپ كېلىپ" كوزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ئىزدەپ تاپتۇق. مېنىڭ 20ياشلىق قىزىم ئەقدەم بىلەن تەڭ دىمەتلىك بىر قىز، لىز ئىسىملىك بىر قىز ئالدىمىزغا چىقتى. ئىشخانىغا كىردۇق بىر سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. سۆھبىتىمىز ئاساسى جەھەتتىن رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ھاياتىغا مەركەزلەشتى. ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت 3دە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىتىپ كەلدۇق.

بۇ كۈن2003 -يىلى 6-ئاينىڭ5 -كۈنى ئىدى. 5مىنۇتتىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن مارك ئىسىملىك بىر ئەپەندىم ئالدىمىزغا چۈشتى. بىزنى3 -قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى.

قىزىم ئىككىمىزنى،

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدىرى، سۆزىن خانىم، شۇ ئىشخانە خادىمى مارك ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى.

باش ئەلچى ئاۋۋال سۆز ئېلىپ:

-رابىيە قادىر تولۇق غەلبە قىلغان سودىگەر ئايال. مەن بېيجىڭدە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىمدە بىرىنچى بولۇپ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلىمەن.... رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى، تۈرمىدىكى ھاياتى مەسىلىسى خىزمەتلىرىمدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ،دىدى.

ئارقىدىن مارك ئەپەندى سۆز ئالدى:

-رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىمە، ئەگەر تاسادىپ بىر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئامېرىكا خەلقىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ بىز (ئامېرىكا )رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، يەنە داۋاملىق شۇنداق ئىشلەيمىز.ئۆتكەن يىلى12 -ئايغىچە رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىدى، بۇ يىل3 -ئايدىن باشلاپ رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى ئىككى دۆلەت( ئامېرىكا، جۇڭگو )ئوتتۇرسىدىكى دېپلوماتىيە مەسىلىسگە ئايلىنىپ كەتتى. (دېمەك، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى، رابىيە قادىر مەسىلىسى بىر سىياسى مەسىلىگە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدا بىر سىياسى مەسىلگە ئايلىنىپ كەتتى، دېگەنلىكمۇ،-بۇ ؟ )مارك ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: يەنە داۋاملىق رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خىزمەت ئىشلەيمىز.... مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى 2003-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگوغا زىيارەتكە بارماقچى ئىدى.....لېكىن جۇڭگودا سارىس كېسىلى يامراپ كەتكەنلىكتىن، مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى جۇڭگو زىيارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دەپ كۆرسەتتى.

مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى ئەپەندىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى قانداق مۇناسىۋەت دائىرىسىگە كىرىپ قالدى ؟ دېمەك، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەندە...... !ئەسلىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلماقچى بولغان مۇئاۋىن

پرېزىدېنت دىك چېنى ئەپەندى رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرتى قىلىغان بولسا كېرەك. رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىگەندىن كېيىن مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دېگەن گەپ. بىر نەپەر دېپلومات كىشى، ئامېرىكىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان كىشى ماڭا، مەندەك بىر ئاددى ئادەمگە ئىشىنىڭ ئەسلىنى توغرىدىن -توغرا سۆزلەپ بەرمەيدۇ،- دە!

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى ئىككى دۆلەت ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىش يالغۇز رابىيە قادىرنىڭلا سىياسى ئىشى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسى ئىشى بولۇپ قالىدۇ.....

رەھبەرلەر بىزنى ئۇزۇتۇپ قويدى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتۇق. دۇنيانىڭ قورغىنىغا، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى، بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان قورغانغا كىرىپ چىقتۇق. بۇ قورغاندا ئۇيغۇر مەسىلىسى، رابىيە قادىر مەسىلىسى دەيدىغان ھازىرقى زاماننىڭ سىياسى تەلەپلىرى كۈن تەرتىپىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى بىر سىياسى مەسىلە بار ئىدى.

"كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ كادىرى لىز خانىم:

8 -چىسلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇق، ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، ئاڭغىچە مەن سىلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، دېدى. شۇ ۋەجىدىن شەنبە، يەكشەنبە ئىككى كۈن ۋاشىنگتوندا تۇرۇپ قالدىم. لىز خانىم ۋە مەن باللىرىم بىلەن بىللە8 -كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت:3 دە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىشخانە ئەزالىرى بىزنى شۇنداق ئۇچۇق-يورۇق، شۇنداق ئەستايىدىل، قىزغىن كۈتۈپ ئالدى. جۇڭگو كومىتېتى

ئشخانسننڭ دىرېكتورى جونى فورد ئەپەندى،رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئۇمۇمى يۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ئاخىرىدا:
-پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ، موسكۋادا ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، ئىدى.نېمە ئىش بولدى، يەنە نېمە ئۆزگىرىش بولدى، بىلەلمىدۇق، دىدى.
پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ موسكۋادا ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن دېگەن سۆز :روسيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن ئەپەندى، پېتىر بورگ شەھرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 300يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەر دۆلەت باشلىقلىرىنى شەھەر قۇرۇلۇشىنى خاتىرلەش مۇراسىمىغا قاتنىششىقا تەكلىپ قىلغان. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى مۇراسىمغا ئەلۋەتتە يىتىپ باراتتى. بۇ كۈن5 - ئاينىڭ6 -كۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى موسكۋادا ۋە پېتىر بورگدا خۇجىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 8دۆلەت يىغىنىغا قاتنىشش.ئۈچۈن فرانسىيىگە يۈرۈپ كېتەتتى.
بۇ قېتىم مېنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش شۇ بولدىكى،مەيلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بولسۇن ياكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىدا بولسۇن، مېنى ۋە باللىرىمنى ئاجايىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بۇ كىشىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ دەرىجىسىگە باراۋەر ئىدى.ھاياجانلاندىم...ھەيران قالدىم.... مەن كىم ئىدىم.... خىتايغا قۇل بولغان ئادەم ئىدىم...رابىيە قادىرنىڭ ئەمدى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولىشىغا ئىشەندىم، بەلكى تولۇق ئىشەندىم.
ئوكلوخوما شىتاتىغا مەن تۇرۇۋاتقان شانى شەھرىگە قايتىپ كەلدىم.

6- ئاينىڭ 14 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تور بىتى ئارقىلىق باش ئەلچىنىڭ ۋاشىنگىتۇنغا،"كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نىۋ يورك ئىشخانىسىغا رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكى" ياخشى" ، دەپ يوللىغان، ئەنسىرىمە دەپ قوشۇپ قويغان خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. خۇدا دېدىم يېنىك تىن ئالدىم.

**دۆلەت مەجلىسى**

2003 -يىلى6 -ئاينىڭ18 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى 17-كۈنى " شاڭگاڭنىڭ ئەركىنلىكىنى قوللاش قانۇن لاھىيىسى "نى قارشى ئاۋازسىز ماقۇللاپ، شاڭگاڭدا قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنى بىۋاستە سايلاشنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇپ، سايلامدىن ئۆتكەن قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ، شاڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنىڭ 23-ماددىسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۇرغۇزۇش مەسىلىسى رەت قىلىندى.

"قانۇن لاھىيىسى"دە شاڭگاڭنىڭ نۆۋەتتىكى نېگىزلىك قانۇنىنىڭ23 -ماددىسى ئەيىپلەندى، تەنقىد قىلىندى. " نېگىزلىك قانۇن "نىڭ 23-ماددىسىدا ئەركىنلىك چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، -23ماددىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لاھىينى بىكار قىلىش تەلەپ قىلىندى.

بۇ قانۇن لاھىيىسىنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەزاسى نەنسى فىلوسى قاتارلىق دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

" قانۇن لاھىيىسى"دە23 - ماددىغا ئاساسەن قانداقتۇر يەنە بىر قانۇن تۇرغۇزۇش ئەيىپلىنىپلا قالماستىن بەلكى، ئىدىيە، يىغىلىش، ئاخبارات، سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىق نېگىزلىك ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشى ھەم ئەيىپلەندى. قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنى خەلق سايلاپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق، سايلام ئارقىلىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش شەكلى بويىچە مەسىلە ھەل قىلىشنى تەكلىپ

قىلدى.

" قانۇن لاھىيىسى"دە : ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى تەلەپ قىلىندى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى :شاڭگاڭنىڭ خەلقئارا ئوبرازى23 -ماددىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەگەر23 -ماددا ئاساسىدىكى يېڭى قانۇن لاھىيىسى كۈچقا ئىگە بولىدىغانلا بولسا، بېيجىڭ فالۇن گۇمپىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى باستۇرىدۇ، ئامېرىكا، لى جۇ مىڭ( شاڭگاڭلىق دېمۇكرات ئادەم) قاتارلىق دېمۇكراتلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى قوللىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

## رادىئودىن ئاڭلىغان خەۋەر

2003-يىلى6 -ئاينىڭ21 -كۈنى

بۇ خەۋەرگە ئاساسلانسام، ئامېرىكىدا 100 نەپەردىن ئارتۇق تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، ئالىملار، سىياسىئون، دوكتورلار، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا توپلۇنۇپ مەخسۇس ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا يىغىن ئاچتى.

-ئۇيغۇرلار، دېدى ئالىملار : دۇنيادا مەدەنىيەتلىك تۆت مىللەتنىڭ بىرى؛ 10 مىلىيون ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايلار بۇنداق بوزەك قىلىدىغان بولسا، خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلاشماي قالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەك.

6-ئاينىڭ26 -كۈنى ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك بويىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى،" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە نۇتۇق سۆزلەپ :رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا، بۇ يىل3 -ئايدا كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا، جۇڭگو )ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى

كېرەك.....جۇڭگۇ ھۆكۈمتىنىڭ رابىيە قادىرنى يېقىندا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىگە ئىشىنىمەن.....دەپ كۆرسەتتى.

## شياڭگاڭ

2003-يىلى 7-ئاينىڭ1 -كۈنى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك،6 -ئاينىڭ17 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى شاڭگاڭ توغرىسىدا" قانۇن لاھىيە " ماقۇللىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ شاڭگاڭغا كۆرسەتكەن غەمخورلىقى شاڭگاڭ خەلقىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت ئاتا قىلدى. تەسىرلەنگەن شاڭگاڭ يۇقرالىرى7 -ئاينىڭ1 -كۈنى شاڭگاڭ دېمۇكراتىك ھەرىكىتىنىڭ نامايەندىسىنى تىكلىدى.1 مىلىيۇن كىشىلىك زور كۆلەملىك نامايىشچىلار قوشۇنى پۈتۈن دۇنيانى ئەمەلى ھەرىكىتى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ زىلزىلىگە سالدى. نامايىشچىلار جۇڭگۇ مەركىزى ھۆكۈمتىگە، شاڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمتىگە سىگنال بېرىپ: خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ،دېدى.

نىگىزلىك قانۇننىڭ23 -ماددىسىغا ئاساسلىنىپ، باستۇرۇش ئۈچۈن قانۇن تۈرغۇزماقچى بولغان جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىگە بۇ قېتىم شاڭگاڭلىقلار ياق دېدى. شاڭگاڭلىقلار، تىنچلىق ئىچىدە ۋە ئەقلى كامالەت ئىچىدە نامايىش قىلىپ، بىر تامچە قان تۆكمەي، بىيجىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى." شەرەپلىك ئىنقىلاب " دەپ تەرىپلەنگەن بۇ قېتىمقى نامايىش تارىخقا ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ يېزىلدى.

شاڭگاڭنىڭ ۋە دۇنيانىڭ جامائەت پىكرى1 : ئىيۇل نامايىشى ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، 6 يىلدىن بېرى جۇغلانغان نارازىلىق تۇيغۇلىرى، خەلق زېھنىنىڭ چېچىلىپ تۇرۇشى، 23-ماددىغا ئاساسلىنىپ قانۇن تۈزۈشنىڭ قىستاپ كېلىشى، ئۈمىد بىلەن غەزەپ جۇغلىنىپ كوچىغا ئايلىنىپ پارتلاپ چىققان ھامان دەھشەتلىك غەزەپ

دولقۇنغا ئايلاندى، دېيىشتى.

7 -ئاينىڭ1 -كۈنى زوراۋان كومۇنىست جۇڭگۇلۇق ئۇچۇن سەلبى تەجرىبىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن خىتايدا كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلغان تارىخى كۈن بولۇپلا قالماستىن،1997 - يىلىنىڭ شۇ كۈنىدە، شاڭگاڭ جۇڭگۇلۇقنىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەن كۈن ئىدى. 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە شاڭگاڭلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى شاتلىقنى كۆرگىلى بولمايلا قالماستىن تېلېۋىزور ئارقىلىق كىشلەر قانچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان كوچىلاردا دەر غەزەپ بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ دولقۇنىنى، ھەيۋىسىنى تاماشا قىلدى. شاڭگاڭلىق بۈگۈن بىخەتەرلىكنى، ئەمىنلىكنى ۋە خاتىرجەم ھاياتنى ئىزدەپ كوچىغا چىققان ئىدى. پۈتۈن دۇنيا1 مىليون شاڭگاڭلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار شاڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلدى. شاڭگاڭلىق سىياسى سوتسىئولوگ ۋو گو گۋاڭ ئەپەندى : شاڭگاڭ تۈگەشتى،" بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" سىياستى شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

6يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۈگۈنكى ئەمەلىيەت، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم " سىياستىنىڭ پىرىنسىپ ئورنىدا بىر خاتا سىياسەت ئىكەنلىكنى، ئىجتىمائى تۈزۈم سۈپىتىدە ئوتۇفيە، خام -خىيال ئىكەنلىكنى، ئەمەلىيەت ئالدىدا ئۆزىنى -ئۆزى ئالداش ئىكەنلىكنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى.

" بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" تارىخنىڭ، زاماننىڭ، رېئاللىقنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىدى. شاڭگاڭ تۈگەشتى، شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، كوممۇنىست مىللەتچى خىتايلار شاڭگاڭنى تۈگەشتۈردى.

**ۋا شنگتۇن**

2003-يىلى7 -ئاينىڭ3 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، 1-كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگۇنىڭ ۋاشىنگتۇندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن، جۇڭگۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يى ئەپەندىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىدا سۆھبەتلەشتى.

جۇگۇدا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشقانلىقتىن كولىن پوۋېل ۋە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج ئەپەندى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭيىغا : بىز (ئامېرىكا) جۇڭگۇدا دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقىقا جىددى كۆڭۈل بۆلۈمىز، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بىروچېر ئەپەندى، 2-كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا:1 - مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج، جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل سۆھبەتكە ئارىلاشتى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ خەۋەرنى گېزىتلەر بەس -بەستە خەۋەر قىلىشتى.(" دۇنيا گېزىتى )"

رەندى شىرىيىۋېر ئەپەندى

2003-يىلى7 -ئاينىڭ 16 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى،16 -كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى : بېيجىڭ بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئامېرىكىنى جۇڭگۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ، لاھىيە ئوتتۇرىغا قويماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەرگەن لېكىن جۇڭگو ھازىرغىچە ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى، دەپ

كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋېر ئەپەندى، ئۇلار جۇڭگو قارا چىقىرىشتىن بۇرۇن بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بىز( ئامېرىكا) ئۇ ئىشلارنى سىناپ بېقىشنى بىلدۈرگەن ئىدۇق.ئەپسۇسكى ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسى ئەسلا ياخشى بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

رەندى شىرىيۋېر ئەپەندى، مۇنداق كۆرسەتتى : ۋاشىنگتون، شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىشىغا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايانات قىلىپ جاكارلىشىنى، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگودا ئەبەدى ئىشخانە قۇرۇشىغا يول قويۇشىنى،بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايرىم ئورگانلىرىدىن ئالاھىدە دوكلاتچىلارنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ-كېلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىنى ھەمدە بەزى سىياسى مەھبۇسلار ئۈستىدە تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن قىياستا سىناق ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

رەندى شىرىيۋېر ئەپەندى،" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى" ، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لاھىيە ئوتتۇرىغا قويماسلىقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى جەھەتتە ئىلگىرلەشكە ماقۇل بولغان ئىدى،لېكىن بىز( ئامېرىكا ) ھازىرغىچە كۆرۈشنى خالىغان ئىلگىرلەشنى كۆرەلمىدۇق. بەلكى ئۇلار، جۇڭگولۇقلار بىز ئاللىقاچان ئامېرىكىغا چۈشەندۈرگەن ئىدۇق دەپ، سەۋەپ كۆرستىشلىرى مۇمكىن. ئەمما جۇڭگونىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھېچ قانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق. شۇڭا بىز ئامېرىكا،جۇڭگو تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرستىشلىرى كېرەك دەپ، قارايمىز.

ئامېرىكا بۇ يىل4 -ئايدا ئەنئەنىۋى خىزمەت ئۇسۇلىغا قارشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى قارار قىلدى. ئىككى ھەپتە ئۆتە -ئۆتمەيلا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوسالللاشتى دەپ، تەنقىد قىلدى.

رەندى شىرىيىۋېر ئەپەندى، رادىئوغا سۆزلىگەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدى، رەندى شىرپىيۋېر ئەپەندى 7-ئاينىڭ14 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە دوكلات بەرگەندە : ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتتى، دەپ سوئال قويۇلغاندا رەندى شىرىيىۋېر ئەپەندى، جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى يېقىندا، پات ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، دەپ كۆرسەتكىنىدى. لېكىن خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"، رەندى شىرپىيۋېر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى خەۋەر قىلغاندا ئۇنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېلان قىلمىدى، خەۋەر قىلمىدى.

**تەيۋەن**

2003-يىلى7 -ئاينىڭ26 -كۈنى

تەيۋەن پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۈ يى رېن 22-كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەندە، ئېھتىمال قىزىل جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە ئىككى نەپەر ئەمەلدارى چېن يۈن لىن ۋە جۇمىڭ ۋى قاتارلىق ئەپەندىلەرنىڭ ئوخشاش بىر كۈندە ۋاشىنگتونغا مەخپى زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدى، بولغاي.

گېزىت ۋە تور بەت خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا چېن يۈن لىن ۋە

جۇمك ۋى قاتارلىقلار ۋاشىنگتۇندا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن قىزىق نوختىلار ئۈستىدە- چوك -چوك ئىشلار ئۈستىدە تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلىق بىلەت تاشلاش ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. بېيجىڭ، تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكتى يولغا قويىلىدىغانلا بولسا، بۇ تەدرىجى تەيۋەن مۇستەقىللىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىگە يول ئاچقانلىق بولىدۇ، دەپ قاردى.ھەممىگە ئايانكى، ئامېرىكا بىر قانچە قېتىم تەيۋەننىڭ ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ لېكىن تەيۋەندە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ھەرىكتىنى قوللاش ۋەزىيىتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئېنىقكى، بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ زادى ئويۇننى راست ياكى يالغان ئويناۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان.شۇڭا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىن يۈن لىن ۋە جۇمك ۋىلار ئامېرىكىغا مەخپى يىتىپ كەلگەن.

مەتبۇئاتلار ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج ئەپەندى چىن يۈن لىن قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، تەيۋەندە ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىك تاشقىرى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا بولىدىغان ئورتاق تونۇشقا كېلىشتى. لېكىن ھېچ بولمىغاندا مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتاج، ئىككى قىرغاق مەسىلىسىنى ئىككى قىرغاق خەلقلىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا دەيدۇ، ختاي مىللەتچىلىرى : ئامېرىكا بېيجىڭنىڭ پىكرىگە سەل قارىمىدى.

تەيۋەن ئەمەلدارلىرى : نۆۋەتتە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىلگىرلەش كۆرۈلدى، دەپ قاردى. جۇڭگو دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىڭ گو، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل بىلەن ئىككى يېرىم سائەت سۆھبەت قۇرۇپ، سۆھبەتلىشىش رىكوردىنى بۇزۇۋەتتى.ئارقىدىنلا بىر ھەپتە ئۆتە -ئۆتمەيلا چىن يۈن لىن قاتارلىقلار ۋاشىنگتۇنغا قاتراپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇ بولدىكى، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېلنىڭ،22 -كۈنى " ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى"نىڭ مۇخبىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا دېگەن گەپلىرى يۇقىرىقى سۆزلەرگە دەلىل بولالايدۇ.

كولىن پوۋېل ئەپەندى، يالىڭاچلا مۇنداق كۆرسەتتى: پىرىېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەسىلە ئۇزۇل -كېسىل ئۇستەلگە چىقتى، دىدى. (نېمىدۇ، نېمە مەسىلىدۇ، ئۇزۇل -كېسىل ئۇستەلگە چىققان قايسى مەسىلىدۇ ؟)

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى : تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يۈز بىرىش مۇمكىن بولغان ئىشلار، بېيجىڭ، تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە سەزگۈرلۈككە نىسبەتەن ئامېرىكا، داۋاملىق ھوشيارلىقنى ساقلاپ كەلدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئامېرىكا جۇڭگوغا مۇكەممەل بىر پىلاننى تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى. (نېمە پىلاندۇ، بۇ پىلاننىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، تىبەتلەرمۇ بارمىدۇ ؟)، ("دۇنيا گېزىتى")

**ياشا ئامېرىكا**

2003-يىلى7 -ئاينىڭ27 -كۈنى

ختاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىن گو ئەپەندى، ۋاشىنگتۇنغا مەخپى يىتىپ كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل بىلەن ئىككى يېرىم سائەت مەخپى سۆھبەتلىشىپ، سەھبەتلىشىش رىكوردىنى بۇزۇۋەتتى. ئېنىق بولمىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا دەپ باشلىغان ئەيزىتلەرنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، دەي بىنگو ئەپەندى، 7-ئاينىڭ14 -كۈنى ئەتراپىدا ۋاشىنگتۇندىن قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا جۇڭگونىڭ يەنە باشقا ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چىن يۈن لىن ۋە جۇ مىڭ ۋى قاتارلىقلار ۋاشىنگتۇنغا مەخپى

يتىپ كەلدى. 7-ئاينىڭ22 -كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج ئەپەندى بۇلارنى قۇبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يەنە شۇ22 -كۈنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى،" ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى "مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قۇبۇل قىلغاندا، " پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى...نېمىلا بولسا ئامېرىكا، جۇڭگۇغا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى.

يۇز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپلىرىگە قارايلۇق، خىتاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىنگو ئەپەندى،7 -ئاينىڭ14 -كۈنى ۋاشىنگتۇندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيىۋېر ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بەرگەندە : خىتاينىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ( بۇ دېگەنلىك 2002-يىلى جياڭ زېمىن تەختىن چۈشتى، خۇجىنتاۋ تەختكە چىقىپ يېڭى ھۆكۈمەت بولدى، دېگەنلىك ئىدى)، يېقىندا، پات-ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، دەپ دوكلات قىلغان ئىدى.7-ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، " پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.... نېمىلا بولسا ئامېرىكا، جۇڭگۇ تەرەپكە مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى...دەپ، كۆرسەتكەندىن كېيىن، 7-ئاينىڭ24 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيىۋېر ئەپەندى، رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم رادىئوغا سۆزلىگەن سۆزىدە :"ئۇيغۇرلار قەدىمى مىللەت....جۇڭگۇ ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئەگەر، ئۇيغۇرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان بولسا، جۇڭگۇ

ھۆكۇمتى، ئۇنڭدىن زىيادە ئەنسىرەشكە توغرا كېلىدۇ.... جۇڭگو ھۆكۇمىتى ئۆتكەن يىلى12 -ئايدا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى لازىم، رابىيە قادىر، تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بەخت، ئامەتتىن ئىبتقاندا، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە ئۇيغۇرلار مەسلىسىمۇ ئورۇن ئالدى، دېگەن گەپ ؛ ئۇيغۇرلار مەسلىسى بويىچە ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى دېگەن گەپ ؛ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە نىسبەتەن بەختسىزلىكتىن ئىبتقاندا، مەسلىنىڭ سىياسىۋىلىك تەرىپى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى دېگەن گەپ ؛ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتەج ئەپەندى، شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندىلەر جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇرغان" مۇكەممەل پىلان" نىڭ ئىچىدە تەيۋەن مەسلىسى بارمۇ، -يوق، تىبەت مەسلىسى بارمۇ،-يوق، ئۇيغۇرستان مەسلىسى بارمۇ، -يوق؟ كىم بىلىدۇ ؟ خۇدا، خۇدا، بىر خۇدا بىلىدۇ.

تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۇ يى رېن ئەپەندى 22-كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدى دېمەك،" مۇكەممەل بىر پىلان" ئىچىدە تەيۋەن مەسلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقىز ؛ دالاي لاما 9-ئايدا ئامېرىكىنى، ئاقسارايىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى،. دېمەك، "مۇكەممەل بىر پىلان " ئىچىدە تىبەت مەسلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقىز ؛خىتاي دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى دەي بىنگو ئەپەندى، ۋاشىنگتۇندىن قايتىپ كېتىپلا بىر كۈن ئۆتە -ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى ئاماېرىكا دۆلەت مەجلىسگە،7 -ئاينىڭ16 -كۈنى دوكلات بەرگەندە، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 7-ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل

ئەپەندى، ''ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى ''مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى،7-ئاينىڭ24 -كۈنى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى توغرىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى توغرىسىدا رادىئوغا سۆزلىگەندە كىشىلىك دائىرىسىدىن ئالقىپ چىقىپ، مەسىلىنى سىياسەت خاراكتېرلىك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىقتى.......دېمەك،'' مۇكەممەل بىر پىلان '' ئىچىدە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسمۇ بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

مۇشۇ ۋەزىيەتنى مۇشۇنداق كۆزۈتۈپ تۇرغان مەندىن باشقا يەنە بىر ئۇيغۇر بارمىدۇ؟ مېنى ماختاندى دېمەڭلار ۋەتەنداشلىرىم!  سىياسەت ساھەسىگە كىرگەن ئادەم رەئىس بولۇش، لىدىر بولۇشقىلا ئەمەس، سىياسەتنىڭ كېلىپ -كېتىش جەريانىغا زى-زەۋىرىگىچە دىققەت قىلىش لازىم بولىدۇ. دېمەك، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ستراتېگىيىلىك سىياستى دائىرىسىدە ئۇيغۇرلاغا بىر ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلدى،دېگەن گەپ.'' دۇنيا گېزىتى ''تەھلىل ماڭا ھېساب گېزىتكە ئەمەس.

**تىبەت**

2003-يىلى8 -ئاينىڭ26 -كۈنى

تىبەتلەرنىڭ دائىسى دالاي لاما، فرانسىيە'' ئازادلىق گېزىتى'' مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا :''مېنىڭ ۋەكىللىرىم بېيجىڭدە، بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن تىبەتكە تېخىمۇ زور ئۆزىنى -ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى لېكىن، سۆھبەت كەلگۈسى ئىككى ئۈچ يىل ئىچىدە ئەتىجىگە ئېرىششى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، تىبەت ياشلىرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى بېسىپ قويۇشقا مېنىڭ ئامالىم يوق دەپ، كۆرسەتتى. دالاي لامانىڭ مۇخبىر بايان قىلغان سۆھبىتى بوگۈن فرانسىيىنىڭ'' ئازادلىق گېزىتى ''گە بېسىلىپ چىقتى.

قارىغاندا دالاي لاما بىلەن خىتاينىڭ سوغاق مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە مۇز ئېرىشكە باشلىدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشھالمان. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى ئىلگىرلەشكە ئېرىشەلمىدى، دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما. تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيى مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشىمدىن نارازى بولۇپ، ياشلار قۇرۇلتىيى پەقەت خىتايدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما :" سەۋرى تاقەتلىك بولۇش كېرەك،بىز تېخى ئۆتكەن يىلدىلا ئىككى تەرەپ ئۇچرۇشۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، ئەگەر ئىككى، ئۈچ يىلغىچە بىرەر نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقمايدىكەن، مەن تىبەت ياشلىرىغا ئوتتۇرا يولدا مېڭىش مەيدانىمنى چۈشەندۈرەلمەيمەن، لېكىن مەن مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ، كۆرسەتتى.

دالاي لاما :" تىبەت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئۇچرۇشۇشنى قارشى ئالىمەن، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ماڭا " ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى بولدى، دېدى. مەن يەنە باشقا ئۇچرۇشۇشلارنىڭمۇ شۇنداق بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئۇچرۇشۇشلارنىڭ ئاخىرى ئەستايىدىل سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ كۆرسەتتى. -ھازىرغىچە نېگىزلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80يىللاردىن باشلاپ بىز تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، بۇ تەرەپ جۇڭگوغا ئىنتايىن ئېنىققۇ؟ - دەپ كۆرسەتتى دالاي لاما.

تەھلىلچىلەر :تىبەت بىلەن بېيجىڭنىڭ ئۇچراشقانلىقى بېيجىڭنىڭ تىبەت مەسىلىسى بويىچە قاتتىق مەيدانىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، دېيىشتى.

**پىرېزىدېنت بوش**

2003-9 -ئاينىڭ11 -كۈنى

پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى،11 -كۈنى دالاي لامانى ئاقسارايدا قوبۇل

قىلدى. دالاي لاما تىبەت مۇستەقىللىقىنى تەكىتلىمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلدى ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەدەپ تىبەتتە، تىبەت مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ھەم جىددى كۆرسەتتى.

قوبۇل قىلىشتىن كېيىن دالاي لاما :پىرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىلەر تىبەت خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، تىبەت مەسلىسىگە كۆڭۈل بۆلدى، ھېسداشلىق قىلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئامېرىكا ۋە ئامېرىكا خەلقى تىبەت مەسلىسى بويىچە قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دالاي لاما: تىبەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان ھامان، بېيجىڭ تىبەت مەسلىسىنى ئەمەلى ھەل قىلغان ئەھۋالدا مەن تىبەتكە قايتىپ بارىمەن، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما پىرېزىدېنت بۇشنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا ئاقسارايدا لورا بۇش خانىم بىلەن كۆرۈشتى.

پىرىدېنت بۇش ئاقسارايدا دالاي لامانى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى:

-پىرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشنى قوللايدىغان مەيداننى قايتا شەرھىلىدى. پىرېزىدېنت بۇش ۋە دالاي لاما بىردەك، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو كۈچلۈك ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى لازىم، دەپ قارىدى دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى : تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن بېيجىڭنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى شاڭگاڭ ۋە تەيۋەن مەسلىسىگە ئەمەلى تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر جۇڭگو، تىبەت مەسلىسىنى ئەمەلى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولسا، كەلگۈسى شاڭگاڭ مەسلىسىنى، تەيۋەن مەسلىسىنى ئەمەلى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ تىنچ ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بىرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى: تىبەت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن،

" 17ماددىلىق تىچلىق كېلىشىمى " نىڭ روھىغا ئاساسلانغانىدىمۇ تىبەت 1951-يىلىدىن باشلاپلا "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"نى يولغا قويغان بولاتتى. مۇخبىر، " بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"، سىياسى مەمۇرى شەكىل تەيۋەنگىمۇ ماس كېلەمدۇ،كەلمەمدۇ دەپ، سوئال قويغاندا، باياناتچى: بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس دەپ، جاۋاب بەردى.

دالاي لاما، تىبەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىبەت خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. تىبەتنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى سۈرئىتىدىن ئەنسىرەيتى. دالاي لاما : تىبەتتە بىر قىسىم رايونلاردا خىتايلارنىڭ نوپۇسى كۆندىن- كۈنگە كۆپەيمەكتە دائىرلەرنىڭ "غەرپنى ئېچىش " پىلانىنىڭ پايدىسى خىتايلارغا تېگىدۇكى، تىبەتكە ھېچ قانداق پايدىسى يوق، دەپ كۆرسەتتى.

**رابىيە قادىر توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ئۆتتۈرىغا قويۇلدى**

2003-يىلى9 -ئاينىڭ23 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سەنەتورلارنىڭ يەنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر ئەپەندى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، قانۇن لاھىيە ئۆتتۈرىغا قويدى....

ھوي، سىدىق !يۈرىكىڭ ساقمۇ... سىدىقنىڭ يۈرىكى زىل-زىلگە كەلدى.... شۇ تاپتا جاھان زىلزىلگە كەلدى. مەزلۇم مىللەت ئۇيغۇر ! رابىيە قادىر...... !شۇ تاپتا شۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى ئويلىشىۋالار مۇمكىن ؟ رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزى ئەر خوتۇن تىرىك ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولغاندا، باللىرىم ئانىسىدىن ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدىكى سىياستى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ياشا ئامېرىكا ! نېمە دەيمەن..... ئاللاھ، ساڭا يار يۆلەك بولغاي ئامېرىكا، ئاللاھ،ساڭا كۈچ ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي ئامېرىكا!!!

**رابىيه قادىر**

2003-يىلى 10 -ئاينىڭ4 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى،10 -ئاينىڭ3 -كۈنى چۈشتىن كېيىن قارشى ئاۋازسىز، تولۇق ئاۋاز بىلەن قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، ئۇيغۇرىستانلىق باي، ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال، شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

قانۇن لاھىيدە: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، ئۇنى( رابىيە قادىرنى) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، ھەمدە تايلانتنىڭ باندۇڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا -تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىدا پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئوخشاشا تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

رابىيە قادىر،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى "شىنجاڭ " ئۇيغۇرىستانىنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىگە تەكشۈرۈشكە يىتىپ بارغان ئەمەلدارلىرى بىلەن شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قورچاق ئورتا خەلق سوت مەھكىمىسى 2000-يىلى 3-ئاينىڭ11 -كۈنى، "دۆلەتنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلمىدى"،، "دۆلەت سىرتىدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرگە ماتېرىيال يوللاپ بەردى"، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، رابىيە قادىرغا مۇددەتلىك 8يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. رابىيە قادىر، گېزىتلەردىن كېسىپ، قىرقىپ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېرى سىدىقھاجى روزىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. سىدىقھاجى روزى ئەسلى "شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتوتىنىڭ پىرو فېسسورى ئوقۇتقۇچىسى، ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن، بىر نەپەر سىياسى پائالىيەتچى ئىدى دەپ، كۆرسىتىلدى.

قانۇن لاھىيسىدە : جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرغا 8 يىللىق قاماق جازاسى بەرگەنلىكى ئەيىپلەندى ھەمدە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى، ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىگە زىيارەتكە كېلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. لورېن كېرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

قانۇن لاھىيىسى9 : -ئاينىڭ23 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر، سەنەتور جوي بايدىن قارتارلىق دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قانۇن لاھىيە 2003-يىلى10 -ئاينىڭ3 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنىدا قارشى ئاۋازسىز ماقۇللانغان. كېيىن قىسقارتىپ خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 2003-يىلى10 -ئاينىڭ4 -كۈنى "دۇنيا گېزىتى"دە ئېلان قىلىنغىنى بويىچە تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدىم.

**پىرېزىدېنت چىن شۈي بىيەن**

2003-يىلى10 -ئاينىڭ31 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتى چېن شۈي بىيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى ئېلىشىنىڭ ھارپىسىدا 10-ئاينىڭ30 -كۈنى 416ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پىرېزىدېنت چېن شۈي بىيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا قارار لاھىيە ماقۇللىدى.

دۆلەت مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى 31-كۈنى چۈشتىن كېيىن

ھەربى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نيۇ يورك شەھرىگە بېرىپ، چىن شۈي بيەننى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنى 29-كۈندىن باشلاپ پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغان.

دۆلەت مەجلىسى تەيۋەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى ۋېكىل ئەپەندى : قارار لاھىيىسىدە، تەيۋەننىڭ ئاسىيادا ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى دەپ كۆرسەتتى. قارار لاھىيىسىدە : دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنى داغدۇغۇلۇق قارشى ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

قارار لاھىيىدە : پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ تەيۋەن خەلقىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ تەيۋەننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىشى تەلەپ قىلىندى.پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى" تەشكىلاتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى تەبرىكلەندى.

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چىن شۈي بيەن نيۇ يورك شەھرىدە ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىدا 31-چىسلا كەچتە "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى" تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى كېنىس خانىم قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننى تەبرىكلىدى. كەينىدىنلا پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن10 مىنۇت ۋاقىت 30مىنۇتقا ئۆزگەرتىپ بېرىلدى. پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن:

-يېڭى ئاساسى قانۇن تۈزۈش، - دېمۇكراتىيە قۇرۇلۇشى غەلبە قىلامدۇ، قىلمامدۇ، دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەيۋەن خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، مۇستەقىللىق ياكى

بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە بىرىپ تاقالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
مېھمانخانىنىڭ سىرتىدا جۇڭگودىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار توپلىنىپ: چىن شۈي بىيەن ۋەتەن ساتتى دەپ، تووۋلاشتى. زالنىڭ ئىچىدە 1000دىن ئارتۇق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، پرېزىدېنت چىن شۈي بىيەننىڭ ئامېرىكىغا كەلگەنلىكىنى، مۇكاپات ئالغانلىقىنى چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەشتى.
تەيۋەننىڭ پرېزىدېنت مەھكىمىسى چىن شۈي بىيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندە تۇرۇشلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى كۆرۈپ چىقتى،( دىققەت ۋەتەندىشىم ) دەپ خەۋەر قىلدى گېزىتلەر. ئۇنىڭدىن كېيىن چىن شۈي بىيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى كۆرۈپ چىقىپ قارشى پىكىر بولمىغاندىن كېيىن چىن شۈي بىيەننىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىندى.
پرېزىدېنت چىن شۈي بىيەن : ھازىرقى ئاساسى قانۇن تەيۋەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، تەيۋەندە تارىخى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان مەندەك بىر نەپەر رەھبەرنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئېنىق نىشانى بولۇشى كېرەك. تەيۋەندە پۇقرالار ئېڭى، ئەقلى مۇھاكىملەر ئارقىلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسى قانۇننىڭ نەزىرىيىۋى ھۆلى، نەزىرىيىۋى ئاساسى بولىشى كېرەك دەپ، كۆرسەتتى.

**چىيەن چېچىن دېگەن كىم ؟**

2003-يىلى11 -ئاينىڭ6 -كۈنى

سابىق پرېزدېنت بوش ئەپەندىنىڭ( ھازىرقى پرېزىدېنت بۇشنىڭ دادىسى ) چاقىرىقى بويىچە بىر مەيدان ئېچىلىدىغان ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى مۇھاكىمە يىغىنى 2003-يىلى11 -ئاينىڭ 5-كۈنى تېكساس شىتاتىنىڭ دېھقانچىلىق سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا سابىق پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ سابىق تاشقى ئىشلار

مىنىستىرى چىيەن چى چېن زور بىر تۈركۈم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسى ئەرباپلىرى ھەم يىغىنغا قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت -ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بېرىكى، ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى دەپ، باھا بېرىلدى.

جۇڭگونىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىيەن چى چېن باشلاپ كەلگەن 40 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى شيۇ گوۋاڭ كەي، دىڭ شياۋ پىڭنىڭ قىزى دىڭ نەن، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماشيۇ خۇڭ قاتارلىق كىشىلەردىن باشقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى ۋىن ۋېن خاۋ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

سابىق پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا، ئامېرىكىلىق ئالىملارغا ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا نوتۇق سۆزلىگەندە :ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋىتى دەپ، تەرىپلىدى. جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھېچ قاچان ھازىرقىدەك ياخشى مۇناسىۋەت بولۇپ باققان ئەمەس دەپ، تەرىپلىدى.

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، يىغىنغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە : پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، تەيۋەن مەسىلىسى،كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ساقلاندى ۋە ئورتاقلىقمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۇر، بىر تۇر بويىچە سۆزلۈشۈش، سۆزلەشكەن مەسىلىلەر بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىش، ھەر خىل پىلاننى بىر -بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكا، جۇڭگو

مۇناسىۋىتى ھازىر - ئېچىۋېتىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەندى، دەپ كۆرسەتتى.

چېيەن چىچېن سۆزلىگەندە، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدا جۇڭگوچە تەپەككۇر بىلەن تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتتى.

تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغاندا چېيەن چى چىن، چۇشتىن بۇرۇنقى يىغىندا، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى بويىچە سابىق مەسلىھەتچىسى سىكا كىلى ئەپەندى، چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا :چېيەن چىچىن ئەپىندى، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ كۆرسەتتى. مەن دەيمەنكى، تەيۋەن مەسىلىسى ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭمۇ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. بۇ بىر كۈنلۈك يىغىندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى بىۋاستە، ئوچۇق -يورۇق ئىپادىلىشى بولۇپ ھېسابلاندى.

سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى بېككىر ئەپەندى، تارىخى مۇقەررەرلىك بۈگۈنكى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياساپ چىقتى دەپ، كۆرسەتتى.

**قىزىم ئەقىدەم**

2003-يىلى12 -ئاينىڭ6 -كۈنى

ۋاشىنگتون

قىزىم ئەقدەم 12-ئاينىڭ5 -كۈنى ۋاشىنگتونغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە يېتىپ كەلدى." خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت، كومار ئەپەندى بىر نەچچە ھەمراللىرىنى باشلاپ دۆلەت مەجلىسگە رابىيە قادىر توغرىسىدا ئېچىلغان گۇۋاھلىق بىرىش،گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىتىپ كەلدى، يىغىنغا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن 10 نەپەر كىشى قاتناشتى.ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدىرى سۆزىن خانىم يىغىندا ئاۋۋال رابىيە

قادىر توغرىسىدا سۆزلەپ، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئارقىدىن ت.كومار ئەپەندى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئاندىن قىزىم ئەقدەم ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتى :

ئانام رابىيە قادىر شۇ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭغاندا، باللىرىم ئامېرىكىدا قېشىغا بارالمىدىم.... باللىرىم مەن تەرەپكە بۇ تەرەپكە ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە كېلەلمىدى.....باللىرىمنى سېغىندىم.....پاسپورتىمنى تارتىپ ئالدى، ياردەم قىلىڭلار ئامېرىكا خەلقى !دېگىنى بارغان ئىدى. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە ماتېرىيال تاپشۇرىدىغان ئىش يوق ئىدى.

گۇۋاھلىق بىرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىزىم ئەقدەمنىڭ ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا ئوقۇپ ئۆتكەن دوكلات تېزىسىنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ 72 نەپەر ئەزاسى ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىگە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىگە، ئاقسارايغا پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن يوللاپ بېرىلدى.

شۇ كۈنى رادىئونىڭ ئاڭلاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىم پرېزىدېنت بوش ئەپەندى خىتاينىڭ ۋەزىرى ۋىن جىيا باۋ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىر سىياسى مەسىلىسىنىڭ پرېزىدېنت بوش ئەپەندى تەرىپىدىن خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.

يەنە شۇ كۈنلەردە كىشى ھەيران قالىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. فىرانسىيىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن ئۈرۈمچىگە ئوغلوم ئابلىكىم ئابدۇرېھىمگە تېلېفون كەلدى :

- ئاناڭ رابىيە قادىرنىڭ ئەھۋالى قانداق يېقىندا كۆرۈشتۈڭمۇ ؟

-سالامەتلىكى قانداق........، ساقچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى

قانداق...... ؟

-غەم قلما ! بزنلڭ ھۆكۇمتىمز، فرانسيە ھۆكۇمتى ۋە بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمز، ئاناڭ رابىيە قادىرنىڭ كشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، يەنە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈمز.

-ئەمدى سەن خوش خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرساڭلا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دېمىسمۇ،2000 -يىلى11 -ئاينىڭ19 -كۈنى فرانسىيىنىڭ پرېزىدېنتى شىراك ئەپەندى، بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىنى جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويغان ئىدى.

**روسيە فېدېراتسىيىسى يەنە نېمە دەيدۇ**

2004يىلى1 -ئاينىڭ-17 كۈنى

روسىيىلىكلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇش بويىچە4 -قېتىملىق خەلقئارا يىغىنى 1-ئاينىڭ15 -كۈنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئىككى دۆلەت ختاي بىلەن جۇڭگو،چېچېنىيىلىك "تېرورىستلار "بىلەن ئۇيغۇرىستانلىق" تېرورىستلار" نىڭ خەلقئارا تېرورىست تەشكىلاتلارنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

جۇڭگو تەرەپ، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چېچېنىيىلىك "تېرورىستلار"نى باستۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روسىيە تەرەپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇيغۇرىستانلىق" تېرورىستلا"نى باستۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

"شىنخۇا شې : "جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى شىنگوفاڭ، ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى، روسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سابىروپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ ئىراق، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى تېرورىستلىق

ھەرىكەتلەرنىڭ تەھدىتىنى دەۋر قىلغان ھالدا تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش بويىچە پىكىر ئالماشتۇردى دەپ، خەۋەر قىلدى.

نۆۋەتتىكى روسىيىلىكلەرنىڭ بوۋىسى چار روسىيىلىكلەر،19 - ئەسىرنىڭ 30 -يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن، خەتەرلىك دۈشمەن، ياۋرو- ئاسىيا بەلۋېغىدىكى خەتەرلىك تەھدىت پەيدا قىلغۇچى كۈچ دەپ قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى، نەسلىدىشى تاتارلارغىمۇ (تاتارلارنىڭ پۈشتى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسى بولۇپ چىقتى. تور بەتلىرىگە قاراڭ ) شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش كۈچىدىن ئايرىۋەتكەندە، تاتارلارنى تاتارنىڭ دۆلەت قۇرۇش كۈچىدىن ئايرىۋەتكەندە ئوتتۇرا ئاسىيانى كونتۇرول قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئەگەر چار روسىيە ۋە ستالىن روسىيىسى ئېتنىك مىللەتلەر مەسىلىسىگە شۇنداق قارىمىغان بولسا نېمىشقا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تاتارلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى ؟ روسىيىلىكلەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلغاندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بۇ ئەقلىسىز روسىيىلىكلەر ئۇيغۇرنىڭ ئىشىغا، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ھەرىكەتلىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن ئارىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ تارىخى بىر خىل روھىيەتنىڭ يەنى ئۇيغۇر مىللى روھىيىتىنىڭ تارىخىدۇر. "روھىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزىدىكى ھەرىكەتتۇر؛ ياكى ئەركىنلىك دەل مۇشۇ نوختىدىن باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا چەكلىك روھى ئالاھىدىلىكلەر ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ " دەپ كۆرسەتكەن گېگىل. تارىخنى پەلسەپىۋى شەرھىلىگەندە ياكى تارىخنى تارىخ پەلسەپەسى بويىچە شەرھىلىگەندە، تارىختىن بىر نەرسىنى بىر ئامىلنى يەنى تارىخنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن بىر ئامىلنى ئاۋۋال ئىزدەپ تېپىۋېلىش كېرەك. ئۇ نېمە؟ ئەقىل. تارىخنى تەتقىق قىلىشتىن ئاۋۋال تارىخنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئەقىلنى ئاۋۋال ئىزدەپ تېپىۋالغاندىلا ئاندىن تارىخنى كۆڭۈلدىكىدەك تەتقىق قىلغىلى بولىدۇلا، -

ئەمەس. تارىخنىڭ نېمە ئۈچۈن تارىخ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاۋۋال چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنىڭ تارىخى دەل يۇقىرىقى مىللى روھنىڭ ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىش تارىخىدۇر. نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى؟ ياكى ئەقىل پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن ئوبيېكتىپ شارائىتقا ماسلىشالمىدى ياكى ئەقىل جاسارەت بىلەن تولۇق بىرىكىپ كېتەلمىگەنلىكتىن ئوبيېكتىپ شارائىتنى دەل ۋاقتىدا ئۆزگەرتەلمىدى. تارىخى مەغلۇبىيەتلەر ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ سوبيېكتىپ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقتى. دەل مۇشۇ نوختىدا ئۇيغۇرنىڭ دۈشمەنلىرى غالىپ كەلدى.

**رابىيە قادىر**

2004-يىلى2 -ئاينىڭ -3كۈنى

'رېيتىرس ئاگېنتلىقى"، 2-كۈنى شاڭخەيدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى : ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى رەندى شىرىيېۋىر ئەپەندى،2-كۈنى شاڭخەيدە :ئۆتكەن ھەپتە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتەج ئەپەندى، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، دەپ كۆرسەتتى. رەندى شېرىيېۋىر ئەپەندى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان ئىدى.

رەندى شېرىيېۋىر ئەپەندى :ئامېرىكا، بېيجىڭ تەرەپكە "شىنجاڭ " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاتاقلىق سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى ھەمدە ئامېرىكىدا يېشىل پاسپورتقا ئېرىشكەن ياڭ جيەنلى ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىش مەسىلىسىنى قويۇپ ئۆتتى، دەپ كۆرسەتتى.

رەندى شىرپيۋىر ئەپەندى : بىز ئايرىم شەخسلەرنىلا تۇرمىدىن قويۇپ بىرىشنى مۇزاكىرە قىلىپلا قالماي بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى تېز ئارىدا تۇرمىدىن قويۇپ بىرىش مەسلىسىنى تەكشۈرۈشنىمۇ سۆھبەتلەشتۇق. كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندىن باشقا، جۇڭگۇنىڭ ئىجتىمائى سياسى تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى ئامېرىكىنىڭ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھەم مۇھاكىمە قىلدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

## ئامېرىكا فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتى

2004-يىل2 -ئاينىڭ16 -كۈنى

بۈگۈن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فېدېرال دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى دوكلات تەييارلاپ ئېلان قىلىپ، جۇڭگۇدا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ دەپسەندە قىلىنىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيە قادىرنىڭ سياسى پاجىئەسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۇرمىدىن قويۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەمدە تەييارلانغان دوكلاتنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىگە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىگە يوللاپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئامېرىكىدا ختاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى" بۇ دوكلات توغرىسىدا ھېچ قانداق خەۋەر تارقاتمىدى. چۈنكى، بۇ گېزىتنى، گېزىتنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ختاي ھۆكۈمىتى سېتىپ ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا، رابىيە قادىرغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى تارقىتامدۇ ياكى تارقاتمامدۇ بۇنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، رابىيە قادىر توغرىسىدا قارارلىملار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولسا "ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى"نىڭ ختاي بۆلۈمى تەرجىمە قىلىپ رادىئونىڭ تور بېتىگە چاپلايدۇ. شۇلارغا ئاساسلىنىپ

شۇنداق ئىشەنچكە كەلدىمكى، " قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان خۇدا ھاسا تاياقتىن ئايرىماپتۇ" دېگەندەك بىر ئىش بولدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا " دۇنيا گېزىتى"گە مۇتلەق يۇقىرىقىدەك كۆز قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ. گېزىت خەۋەرچىلىكتىن ئايرىلىپ قالسا ئۇ قانداق گېزىت بولىدۇ.

## ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى

2004-يىلى2 -ئاينىڭ26 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى 25-كۈنى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۆتكەن بىر يىلدا كەينىگە چېكىندى دەپ، كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى،25 -كۈنى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىندا: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىندا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

لوېرن كېرەينېر ئەپەندى: ئامېرىكا، جۇڭگو بىلەن يەنىلا كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ، ئۆتكەن بىر يىلدا مۇنداق سۆھبەت ئارقىلىق ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا : جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇستەبىت دۆلەت، جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسى تۈزۈلمىگە تىنچ يول بىلەن قارشى پىكىر يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوق. شۇنداقلا دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىمۇ يوق، دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا:   جۇڭگۇدا كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى -تەرۇز قىلىش ئەھۋاللىرى ئۇمۇملاشتى، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىمۇ كەينىگە چېكىندى. دېمۇكراتلارنى، نامايىشچىلارنى، ئىشچىلارنى، يەر ئاستى تەشكىلات رەھبەرلىرىنى ھەتتا، سىياسى مەھبۇسلارنى ئاقلىغان ئادۋوكاتلارنى ئارقا -ئارقىدىن قولغا ئالدى دەپ، كۆرسىتىلدى. ' دوكلاتتا : جۇڭگۇ ئىقتىسادىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى پەقەت ئىشچى پائالىيەتچىلەرنى قولغا ئېلىشلا بولدى، خالاس دەپ، كۆرسىتىلدى.

يىللىق دوكلاتتا5 بەت سەھىپە ئاجرىتىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈلدى. ئۈرۈمچى شەھرىدە بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن 3 يۈزمىڭ ختاي ياشايتى ( ئەسلىدە بۇ ساندىكى ختايلار1943 -يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن گومىنداڭنىڭ 100مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى قىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى. يازغۇچىدىن) ، 80% ئۇيغۇرلار ياشايتى، ئەمدى ھازىر ئۈرۈمچى شەھرى ئاھالىسىنىڭ 80% خەنزۇلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ شەھەردىكى نۇپۇسى   %20گە چۈشۈپ قالدى.( مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا) ، نېفىت سانائىتى رايونلىرى ۋە تەبىئى گاز ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىشقا قوبۇل قىلىنمىدى دەپ، كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، رابىيە قادىر ۋە توختى مۇزات قاتارلىق سىياسى مەھبۇسلار ھازىرغىچە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى، دەپ كۆرسىتىلدى. ("ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى " ختاي تىلى بۆلۈمىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە ئاجرىتىلغان سەھىپىسىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى، بۇ خەۋەر ئوخشاشلا " دۇنيا گېزىتى"دىمۇ ئېلان قىلىندى)

**رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ2 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى 2گە قارشى 433 ئاۋاز نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن " قانۇن لاھىيە" ماقۇللاپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قوللىدى :قانۇن لاھىيە"نىڭ مەزمۇنى "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى " نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىلغاندا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فېدېرال خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان مۇخبىر، مايك ئەپەندىگە: ئاۋام پالاتاسىنىڭ" قانۇن لاھىيە " ماقۇللىشى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىندا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لاھىيە قويۇشىنى قوللىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكمۇ دەپ، سوئال قويغاندا، مايك ئەپەندى:

- شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. بىر سىياسىئون ئەلۋەتتە يۇقىرىقىدەك سوئالغا" ھەئە شۇنداق " دەپ جاۋاب بەرمەيتى.

رابىيە قادىر سىياسى پاجىئەسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ، ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ دەرىجىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ۋە ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلدىمۇ؟

ھەيران مەن، قانچە ھەيران بولسام ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە شۇنچە خۇشھالمەن.

## تۈيۈقسىز بىر يىل قىسقارتىلدى

2004-يىلى3 -ئاينىڭ5 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىلقاچان ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسى مەھبۇس رابىيە قادىرنىڭ ھۆكۈمنامىسىدىن بىر يىل قىسقارتقانلىقىنى قارشى ئالىمىز دەپ، كۆرسەتتى.

رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، داۋالىنىش ئۈچۈن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە شەرتى توشاتتى. يېقىندا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن خىتاي دېموكراتى ۋاڭ يۇسەي، " تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش "ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان كىشىلەرنىڭ جۇڭگودىكى ۋەكىلى بولۇپ قالدى، رابىيە قادىر، سۆز مەتبۇ ئات ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان كىشىلەرنىڭ( ئۇيغۇرلارنىڭ) ۋەكىلى بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكىدا خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"، يۇقىرىقى بايا ناتنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلمىدى ۋە باياناتنىڭ مەزمۇنىنى ئادەتتىكى خەۋەر ئورنىدىمۇ ئېلان قىلمىدى. ئەجەپلىنىدىغان نېمىسى بار ؟ مەن باشتا دېدىمغۇ، بۇ گېزىتنى خىتاي سېتىۋالدى، دەپ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر مەسلىسى شۇنداق خەلقئارالاشقان كۈنلەردە خىتاينىڭ شۇنچىلىك چىداپ تۇرغىنىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسمۇ ؟

## مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ پوزىتسىيسى

2004-يىلى3 -ئاينىڭ11 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېر تە ج ئەپەندى ۋە ئەمگەك، دېموكراتيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بېيىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى، 10-كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرسىنىڭ

داۋاملىق يامانلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تەج :ئامېرىكا ئەمدى قولغا ئېلىنغانلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىش ئويۇنى ئوينىمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋال بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تەج10 : -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى خام چوت ئايرىش كومىتېتىنىڭ سودا بۆلۈمى ۋە ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ يېڭى بىر يىللىق خام چوت ئايرىش يىغىنى قاتناشقاندا، يۇقىرىقىدەك سۆزلەپ ئۆتتى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدىكى سودا بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى ۋە بۇ بۆلۈمنىڭ رەئىسى فرانك ۋولف ئەپەندى، ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى جۇڭگو سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنى 15-كۈنى جەنۋەدە ئېچىلاتتى. 6ھەپتە داۋاملىشىدىغان بۇ يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ماۋزۇلار : تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش مەسىلىسى، تەرەققىيات ھوقۇقى، ئاياللار ۋا باللار ھوقۇقى مەسىلىسىدۇر.

بۇ يىل پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلۋەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىندا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقى جۇڭگوغا نىسبەتەن ياخشىلىقتىن ئېيتقاندا، يېقىندىن بېرى يېقىنلىششقا

يۈزلەنگەن ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يېڭىدىن تىركىشىش باسقۇچىغا ئىتتىرىپ قويىشى مۇمكىن.

بۇ يىغىنغا ئامېرىكا باشچىلىقىدا 52 دۆلەت قاتنىشىدۇ. ("ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى "ختاي بۆلۈمىنىڭ دۆلەت مەجلىسىنىڭ خەۋەرلىرى پىرۇگىراممىسىدىن ئېلىندى )ئامېرىكىنىڭ ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تىگىشلىك ئىشلارغىمۇ بېرىپ چېتىلامدىغاندۇ......؟

## ۋاشىنگتون

2004-يىلى3 -ئاينىڭ17 -كۈنى

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا،، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندى، كېلەر ئايدا جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىكەن.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دىك چېنى ئەپەندى ئاۋال ياپونىيە، جەنۇبى كورىينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن،15 -كۈنى جۇڭگوغا زىيارەتكە بارىدۇ. زىيارەتنىڭ تەپسىلاتى ھازىر ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە قىلىنىۋېتىپتۇ.

ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋ،2007-يىلى4 -ئاينىڭ باشلىرىدا، مۇئاۋىن پىرېزىدېنت دىك چېنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغان ئىدى. خۇجىنتاۋ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

مۇئاۋىن پىرېزىدېنت دىك چېنى 2003-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا جاۋابەن شەرت قىلغاندا، ختاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە

ماقۇل بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى ئەپەندى جۇڭگوغا زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ( مەن يۇقىرىدا ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل بولغان رەھبەرلەرنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاراڭلار دا رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك گەپ- سۆزلەر، بېرىلگەن بىشارەتلەر توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم)

قىزىقى شۇ يەردىكى،2004 -يىلى3 -ئاينىڭ14 -كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئۇكام ئىمامھاجى روزىدىن تېلېفون تاپشۇرۇپ ئالدىم.

ئۇكام ماڭا، كوچا- كويلاردىكى گەپ -سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ : رابىيە قادىرنى22 -كۈنى (دۈشەنبە) خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىدىغان بولدى دەپ، خەۋەر يەتكۈزدى. 22-كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى . ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشنى ئاڭلاپ ئۆينىڭ ئىچىدە توشقاندەك سەكرەپ كەتكەن ئامېرىكىدىكى باللىرىمنىڭ سەكرەشلىرىمۇ ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن رابىيە قادىرنىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشنى شەرت قىلىپ جاۋابەن جۇڭگونى زىيارەت قىلماقچى بولغان، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىگەندىن كېيىن، جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى دىك چېنى ئەپەندى، بۇ قېتىم يەنە جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ22 -كۈنى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى يەنە تۈرمىدىن قويۇپ بەرمەي توختاپ قالغانلىقى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندۇ.... تۈرمىدىن قويۇپ بىرىمىز دېگەنلىكى يەنە نېمىنى چۈشەندۈرىدىغاندۇ؟

**جەنۋەدە**

2004-يىلى3 -ئاينىڭ25 -كۈنى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان جەنۋەدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىپلوماتلىرى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 3-ئاينىڭ23 -كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ، ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىگە قارشى پىكىردە جىددى لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇمۇمى يىغىندا ئامېرىكىنىڭ لايىھىسىنى تەتقىق قىلىشنى توختۇتۇپ قويۇشى مۇمكىن دەپ، كۆرسەتتى. بېيجىڭ23 -كۈنى ئامېرىكا بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇددەتسىز توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى.ئامېرىكا، بۇنداق توختىتىشقا پەرۋايىمىز پەلەك دەپ، ئىپادە بىلدۈردى. چۈنكى، ئۆتكەن قېتىملىق سۆھبەتلىرىمىزدە ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق دەپ، كۆر سەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى رىياز ئەپەندى :" يېقىندىن بېرىكى ئەمەلى ئەھۋاللارغا نەزەر تاشلىساق، جۇڭگونىڭ جىددى تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، بۇ خىل تەكلىپ لايىھىسى قارشى تۇرماسلىق ۋە جىنايىتىنى تۇنۇماسلىق" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەكلىپ لايىھىسدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا ئەزا بولغان 53دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ ئاۋۋال ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىگە ئاۋاز بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى 6 ھەپتە ئېچىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باشقا دىپلوماتلار :ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بېيجىڭ يېتەرلىك ئاۋازغا ئىگە بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قانۇن لايىھىسنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئامېرىكىمۇ، جۇڭگومۇ ئۆزلىرىنى قوللايدىغان دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، بېيجىڭ بەلكى بۇ يىغىندا قويۇلىدىغان، ئافرىكا دۆلەتلىرى جىددى كۆڭۈل بۆلىدىغان نازۇك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بىرىپ، ئافرىكا دۆلەتلىرىنىڭ بېيجىڭنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن دەپ، كۆرسەتتى.

تەھلىلچىلەر : ئامېرىكا بۇ يىل رەسمىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويدى.3 -ئاينىڭ22 -كۈنى ئامېرىكا، بېيجىڭنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تىلغا ئالغاندا،23-كۈنى بېيجىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۆتكۈزۈدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، دېيىشتى.

ئامېرىكا تەرەپ،23 -كۈنى : جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى جۇڭگو ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ پەرۋايى پەلەك چۈنكى، بۇنداق سۆھبەتلەر ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان سۆھبەت بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى :ئۇلار جۇڭگولۇقلار سۆھبەت قۇرۇشنى بىكار قىلىدىغان بولسا، كېلەر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغان بولسا، ئامېرىكىغا ھېچ قانداق توسقۇنلۇق پەيدا قىلالمايدۇ چۈنكى، ئۆتكەندە بىز( ئامېرىكا )قاتناشقان ئاخىرقى 4-3 قېتىملىق سۆھبەتتە ھېچ قانداق ئىلگىرلەش بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى رىچارد بىروچېر: ئۆتكەن يىلى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى يامانلىشىپ كەتتى. بېيجىڭ ئاۋۋالقى سۆھبەتلەردە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمىلەشتۈرمىدى.2002 -يىلى12 -ئايدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەردە جۇڭگو نۇرغۇن قېتىم ۋەدە بەردى. لېكىن، 2003-يىلى بىر يىل ئىچىدە بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئەمەلىلەشتۈرمىدى (بۇ ۋەدىلەر رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىمىز

دەپ، بەرگەن ۋەدىلەر ئەمەسمىدۇ ؟)، دەپ كۆرسەتتى.
باياناتچى رىچارد بېروچېر، سۆھبەت مەخسەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. جۇڭگونىڭ دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى بۇ مۇھىمدۇر، بۇ توغرىدىمۇ جۇڭگو ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى، دەپ كۆرسەتتى." دۇنيا گېزىتى "

**خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى**

2004-يىلى5 -ئاينىڭ27 -كۈنى

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 26-كۈنى يەر شارى خاراكتېرلىك 2003-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلدى.دوكلاتتا : قاتتىق ئىبارىلارنى ئىشلىتىپ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى تەنقىد قىلدى.خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان ھەرىكەتلىرىگە قارشى پىكىرلىرىنى قايتا -قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، داۋاملىق تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت خەلقئارا ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇردى. خەلقئارا جەمئىيەت شۇنچە كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرمىدى، دەپ كۆرسەتتى.
دوكلاتتا : ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر نىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

**نۇرۋىگىيە " رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى " جەمئىيىتى**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ2 -كۈنى

نۇرۋىگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى "جەمئىيىتى 2004-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نۇرۋىگىيەگە بېرىپ مېنىڭ مۇكاپات

تاپشۇرۇپ ئېلىشمىغا ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش "ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى"نىڭ ئاتالمىش رەئىسى توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ نۇرۋۇگىيىگە بارالمايدىغانلىقىم مۇقىملاشقاندىن كېيىن، نورۋېگىيىنىڭ ۋاشىنگىتۇندا تۇرۇشلۇق تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى پونكىتىدىن، 3نەپەر مۇخبىر، مېنىڭ قىزىمنىڭ ئەنگىلىز تىلى ئارقىلىق مەن بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن ۋىرجىنىيە شتاتىدىكى ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى.

مۇخبىرلارنىڭ مېنى ۋە قىزىم ئەقىدەمنى زىيارەت قىلىشى تولۇق ئىككى سائەت داۋاملاشتى. قويۇلغان سوئاللارنى ۋە سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنى قىزىم ئەقىدەم سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ بەردى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت قىلىش ئۇسۇلى، رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا ئەتراپلىق سوئال قويغاندىن كېيىن مۇخبىر يەنە :

- ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولۇشنى خالامدۇ؟ دەپ سوئال قويدى.

-ئەلۋەتتە خالايدۇ.7 ياشتىن70 ياشقىچە بارلىق ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولۇشنى، دۆلەت قۇرۇشنى خالايدۇ .

-سەنچۇ ؟

- ئەلۋەتتە خەلقىمىز قايسى يولنى تاللاپ ئالسا، بىزمۇ شۇ يولدا ماڭىمىز، بىراق، نۆۋەتتە مەن ۋە مېنىڭ رابىيە خېنىم ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقى، نۆۋەتتىكى ئەركىنلىكى، نۆۋەتتىكى دېموكراتىيىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز، دېدىم. كۈلۈپ قويدى سوئال قويغان مۇخبىر. سوئال -جاۋاپلاردىن كېيىن ھويلا -ئارامغا چىقتۇق.

مۇخبىرلار، ئاۋۋال بالام ئەقىدەم ئىككىمىزنى ئۆينىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، يىراقتىن ئۆينىڭ ئالدىغىچە ماڭدۇرۇپ كامېراغا ئالدى.ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىدە كامېراغا ئالدى. تېلېۋىزىيە سۈرەت خاتىرىسى 3-كۈندىن باشلاپ نۇرۋۇگىيىنىڭ ئوسلو شەھرىدە، بېرگىن شەھرىدە 7-كۈنگىچە تېلېۋىزىيە كانالىلىرىدا قويۇپ بېرىلدى. شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەم تېلېۋىزىيە قانالىلىرىدا، نۇرۋۇگىيە مۇخبىرلىرىنىڭ مېنى ۋە قىزىم ئەقىدەمنى

زىيارەت قىلغان زىيارەت خاتىرىسى كۆرسىتىلدى.

**نۇرۋېگىيە مۇخبىرلىرى**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ4 -كۈنى

نۇرۋېگىيە ئاخبارات -تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ نىيۇ يورك شەھرىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىدىن ئىككى نەپەر مۇخبىر، نىيۇ يوركتىن پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتۇنغا ۋىرجىنىيە شتاتىغا مېنىڭ ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى. مۇخبىرلار ئەتراپلىق سوئال قويۇشقا باشلىدى.

-ئۇيغۇر دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى نېمە؟

-ئۇيۇشقاق، يېپىشقاق، ئىتتىپاق دېگەن مەنىدە.

-ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرۇپ باققانمۇ ؟

-يىراقنى قويۇپ تۇرايلى، 19-ئەسىرنىڭ60 -يىللىرىدا يەنى 1865-يىلى ئۇيغۇرلار، ياقۇپ بەگ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەتنى چار روسىيە بىلەن بۈيۈك بىرتانىيە بىرلىشىپ يوقاتقان.20-ئەسىرنىڭ 40- 30-يىللىرىدىلا ئىككى قېتىم ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرغان. مەسىلەن،1933 -يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە،" شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرغان ؛1944-يىلى11 -ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە " شەرقى تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرغان. ئۇيغۇرلار قۇرغان ئاۋۋالقى جۇمھۇرىيەتنى ستالىن قوراللىق باستۇرغان، كېيىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ستالىن ئاۋۋال ئۆزى ياردەم بەرگەن. كېيىن يالتا شەرتنامىسى، موسكۋا شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنى خىتايغا سېتىۋەتكەن ئىدى.

-سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلاردىن نېفىت چىقامدۇ ؟

-ۋەتىنىمىزنىڭ خام نېفىت زاپىسىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 64 ملىيارت توننا دەپ، ئېلان قىلدى......("شىنجاڭ يىلنامىسى"نىڭ

1994-يىلىق سانىغا قارالسۇن)

-بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك ؟

-ئادەتتە خىتايلار 9 مىليون دەپ، ئېلان قىلىدۇ. بىراق،1997 -يىلى2 -ئاينىڭ5 -كۈنى ئىلى ۋەقەسى يۈز بىرىپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن،1997-يىلى 4-ئاينىڭ 30- كۈنى "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"دە مورا مونخەن ئىسىملىك بىر نەپەر ئاپتور تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، شۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ، ئېلان قىلدى.

- بىزنىڭ ئۆرۈنگىنىڭ نوپۇسىدىن 5 ھەسسە كۆپ ئىكەن.

-رابىيە قادىر قاچاندىن باشلاپ سىياسى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

-مەن1977 -يىلى 10-ئايدا تۈرمىدىن چىقتىم.1978 -يىلى7 -ئاينىڭ31 -كۈنى رابىيە قادىر ئىككىمىز توي قىلدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ سىياسى ئادەمگە ئايلاندى ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سىياسى ئادەم ئىدى دېسەممۇ بولىدۇ. ئەگەر رابىيە قادىر، ساغلام ئەقىل، ساغلام پىكىرلىك بىر ئايال بولمىغان بولسا، مەندەك تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بىر ئادەم بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى. رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىدا يەنە بىر نېگىزلىك سەۋەپ شۇكى، ئۇ سودا -تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھەر دەقىقىدە ھوقۇق كەلمىسىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەنلا مىللى ئازادلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مىللەت مۇستەقىللىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىنىشقا، چۈشۈنۈشكە باشلىدى. رابىيە قادىردا ئەمەلىيەت ئارقىلىق يېتىلىپ كېلىۋاتقان سىياسى ئاڭ، ئاخىرىدا سىياسى ھەرىكەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى.

-دېمۇكراتىك دۆلەت قانداق بولىدىكەن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ.

- مەن ۋەتىنىم ئۇيغۇرستاندا خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان

ۋەتىنىمدە ئالى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. لېكىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ ئىختىيارى كىرەلمەيتىم. ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىدىم. دۆلەت مەجلىسىگە، سەنەتورلارنىڭ ئىشخانىلىرىغا، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغىمۇ ئىختىيارى كىرىپ چىقالايمەن. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلسام، ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلەيمەن. رابىيە قادىر توغرىسىدىمۇ شۇنداق دەۋا قىلدىم دۆلەت مەجلىسىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بۇيىچە ھەم شۇنداق دەۋا قىلدىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە.

نۇرۋېگىيە مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلغان مەزمۇنلار،11 -ئاينىڭ5 - كۈندىن باشلاپ11 -ئاينىڭ7 -كۈنگىچە نۇرۋېگىيە گېزىتلىرىدە ئۇدا بېسىلىپ چىقتى. 4كۈنگىچە رابىيە قادىر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر نۇرۋېگىيدە گېزىتلەرنىڭ 1-بېتىدە ياكى ئىككىنچى بەتلىرىدە بېسىلىپ چىقتى. قىزىم ئەقىدەم بىلەن مېنىڭ سۈرىتىم بىر گېزىتنىڭ 2-بېتىدە باش تېتوندا بېسىلىپ چىقتى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى ساقلاپ قويۇلدى.

رابىيە قادىر غەلىبە قىلدى، سىدىقھاجى روزى غەلىبە قىلدى، ئۇيغۇر خەلقى غەلىبە قىلدى.

**مۇلائىزە**

2004-يىلى11 -ئاينىڭ5 -كۈنى

رابىيە خېنىم،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى ۋە خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار چۈشكەن مېھمان خانىغا كېتىۋاتقاندا ئۈرۈمچى شەھرىدە قولغا ئېلىندى.

2000-يىلى3 -ئاينىڭ10 -كۈنى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى رابىيە قادىرغا 8يىللىق قاماق جازاسى

ھۆكۈم قىلدى.
ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا جەمئى 6 قېتىم (ئۈچ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۈچ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي بايانات ئېلان قىلدى )ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئايرىم -ئايرىم ھالدا بىر قېتىمدىن، كېيىن ئىككى پالاتا بىرلىشىپ يەنە بىر قېتىم، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، جەمئى ئۈچ قېتىم قانۇن لاھىيە ماقۇللىدى." كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دېلوسىنى توختىماي ئىشلەپ كەلدى،" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن باشلاپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا تۈنجى دوكلاتنى ئېلان قىلىپ تاكى بۈگۈنگىچە 2004 (-يىلى12 -ئاينىڭ10 -كۈنىگىچە) دېمەكچى) ھەر ئايدا بىر قېتىم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ كەلدى.
كىشىنى ھەيران قىلىدىغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئەمدى ياۋروپاغا بولۇپمۇ غەربى ياۋروپاغا يۈزلەندۈرۈپ يۆتكەپ بەرگەندەك بولدى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى نېمىنى كۆزدە تۇتقاندۇ ؟
ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە ھەم ئامېرىكا كۆڭۈل بۆلۈش ھەم ياۋروپا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى، ھازىرچە ئېيتقاندەك ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، شۇنداقلا رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ياۋروپاغا يۆتكەش ئارقىلىق ياۋروپا خەلقى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئاھالىسىنىڭ خىتايدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ بۇ مەسىلىدە - ئۇيغۇر مەسىلىسىدە

بىر كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدىمۇ ؟

"رافتو كىشىلىك هوقۇق مۇكاپاتى"نىڭ رابىيە قادىرغا بېرىلىشى، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسى ۋە ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك هوقۇق مەسلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ دائىرىسىنى ياۋروپا ۋە شىمالى ياۋروپاغىچە كېڭەيتىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

**نورۋېگىيەدىن مېھمان كەلدى.....**

2005-يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى

نۇر ۋېگىيدىن مېھمان كەلدى......

نۇرۋېگىيە " رافتو كىشىلىك هوقۇق فوندى جەمئىيىتى"،2004 -يىللىق "رافتو كىشىلىك هوقۇق مۇكاپاتى"نى رابىيە قادىرغا بەرگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، سىدىقھاجى روزى ئەپەندى، تۇرمىدىكى ئايالى رابىيە قادىرغا ۋەكىل بولۇپ نۇرۋېگىيەنىڭ بېرگىن شەھرىگە بېرىپ،مۇكاپات قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش رەھبىرى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سىدىقھاجى روزىنىڭ پاسپورت ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، سىدىقھاجى روزىنىڭ نۇرۋېگىيەگە بارالمىغانلىقى، مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن ئاتالمىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش باشلىقىنىڭ يەنە بىر كىشى يەنى ئۇيغۇر تارىخىدىن ئەخلەتكە چۆرۈۋېتىلگەن لېكىن هازىرغىچە ئېشىپ قالغان خىتاينىڭ پوقىنى يىگەن بىر داشقالنىڭ بالىسى داشقالنىڭ نۇرۋېگىيىگە بېرىپ، بۇ مۇكاپاتنى ئالماقچى بولغانلىقى...... بىراق، سىدىقھاجى روزىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشى ئارقىلىق بۇ داشقالنىڭمۇ بۇ مۇكاپاتنى ئالالمىغانلىقى بىر مەخپى هېكاياە، هېچنىمىشلىق هېكايە،كۈلكۈلۈك بىر هېكايە بولۇپ قالغان ئىدى.

2004 -يىلى11 -ئاينىڭ7 -كۈنى نۇرۋېگىيىنىڭ بېرگىن شەھرىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ئىش پائالىيەتلىرى، كىشىلىك هوقۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش

پائالىيەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەندە، بولۇپمۇ قىزىم ئەقدەم ۋاشىنگتوندا تۇرۇپ، نەخ مەيدان كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە پۈتۈن زالدا يىغا- زارە بولۇپ كەتكەن.....شۇ يىغىنغا قاتنىشىپ بولۇۋاتقان پائالىيەت -ھەرىكەتلەردىن تەسىرلىنىپ. خۇددى ئانىسىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلىغاندەك، يىغلىغان گوننار خانىم، مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشقان كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقتىن،" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى "جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى"

-سەن، گوننار خانىم ئامېرىكىغا بېرىپ، رابىيە قادىرنىڭ ئېرى سىدىقھاجى روزى ۋە ئۇنىڭ بالا -چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭلار دەپ، ئەر خوتۇن ئىككىيلەننى ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن ئىكەن.

2005-يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى گوننار خانىم يولدىشى بىلەن ۋاشىنگتونغا مېنىڭ ئۆيۈمگە يېتىپ كەلدى. ئۆيدە مېھمان قىلىپ، پولا ئېتىپ، لەغمەن ئېتىپ باللىرىم، بۇ مېھمانلارنى ئۆيدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. شەنبە كۈنى ئىدى، بىر كۈن دىگۈدەك، باللىرىم مېھمانلار بىلەن بىللە بولدى. ۋاشىنگتون شەھرىنى ئايلاندۇردى. يەكشەنبە كۈنى گوننار خانىم ۋە يولدىشى ئۆيىمىزدە بىر كۈن مېھمان بولۇپ، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر بىلەن مېنىڭ توي قىلىش تارىخىمىزنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

- شۇنداق، سىدىقھاجى روزى سىز، رابىيە قادىر بىلەن دەسلەپتە كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىرنى ئالىمەن دەپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلالماپسىز، ئەمما رابىيە قادىر سىزگە تېگىمەن دەپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپتۇ. ئۇيغۇرلاردا شۇنداق قائىدە بارمىدى ؟(كۈلكە )

-ياق، ئۇيغۇر ئائىللىرى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ئەرلەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان قائىدە يوق ئىدى.

-مەن، بۇ ئىشقا ھەيرانمەن.

-شۇنداق، ھەيران بولسىز چۇنكى، شۇ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ شۇنداق مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدىن رابىيە قادىرنىڭ قانچىلىك جۈرئەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايسىز....( كۈلكە )
-دېمەك، سىزنى تۈرمىدىن يېڭى چىقتى..... مىللى ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان قەھرىمان دەپ،مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىكەن، -دە! كۈلكە)
-شۇنداق گوننار خانىم.
گوننار خانىم ئەسلى لاتۋىيىلىك يېڭى مۇستەقىل بولغا ن دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەن. نۇرۋېگىيىگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەن. 24ياشلار ئەتىراپىدا. " رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى "گە بىكار چاغلىرىدا خالىس ئىشلەپ بېرىدىغان قىز ئىكەن.
-خانىم،- مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم. 1939-يىلى "روسىيە، گېرمانىيە شەرتنامىسى "ئىمزالانغاندىن كېيىن بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەت روسىيىگە قوشۇپ بېرىلگەن. روسىيە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەر 1918-يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىغان مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىدى.خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خىتاينىڭ كوممۇنىستلەر ئارمىيىسى 1949-يىلى10 -ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرىستان، ئۇيغۇرلار1944 -يىلى 3-قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغان مۇستەقىل دۆلەت ئىدى.1945 -يىلى ۋە 1950-يىلى ئىككى قېتىم ئىمزالانغان "روس خىتاي شەرتنامىسى"نىڭ روھى بويىچە، خىتاي قىزىل ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. لاتۋىيە بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش تەقدىرى ئوخشاش، ئازاد بولۇش تەقدىرىمۇ شۇنداق ئوقشاش بۇلارمۇ، خانىم ؟
-ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ!!! كۈلدى گوننار خانىم.
زامان،ۋاقىت ھەل بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدۇ.زامان ئىچىدە ئۇيغۇردەك مىللەتلەرمۇ نېمە ئىش قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

**نۇرۋگىيەدىن "رافتو تەشكىلاتى"نىڭ رەھبەرلىرى كەلدى**

2005-يىلى1 -ئاينىڭ 25 -26- كۈنلىرى

"رافتو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى "نىڭ ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن 5 نەپەر كىشى نۇرۋگىيەدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ئارنا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئايالى تېرىسا خانىم، بىر نەپەر كامېراغا ئالغۇچى، ۋە بۇ تەشكىلاتنى قوللايدىغان ئىككى نەپەر نۇرۋگىيىلىك سودىگەر كىشىلەر قوشۇلۇپ جەمئى 5 نەپەر كىشى نۇرۋگىيەدىن ۋاشىنگتونغا - مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئىقتىسادى ئەھۋالىم ناچار بولغاچقا بۇ كىشىلەرنى تۈزۈك كۈتۈپ ئالالمىدىم.

1-ئاينىڭ26 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىرايىن بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىرزالدا رابىيە قادىر ئېرىشكەن 2004-يىللىق "رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى"نىڭ دېپلومىنى رابىيە قادىر تۈرمىدە بولغانلىقتىن ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا تاپشۇرۇپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ۋىرجىنىيا شتاتىدىن دۆلەت مەجلىسگە ئەزا بولۇپ سايلانغان تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قوللايدىغان دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى فىرانك ۋولف ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەمگەك ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

"كۆزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىم مۇراسىمغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى.

مېيكى خانىم ماڭا 6 يىل غەمخورلۇق قىلىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، 6 يىل ئۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئىشلىگەن ئايال ئىدى.

"خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت.كومار ئەپەندى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا ئىنتايىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.( رابىيە قادىر قولغا ئېلىنماستىن بۇرۇن ماڭا، ئامېرىكىغا چىقىرىپ بەرگەن " شىنجاڭ گېزىتى"،" ئىلى گېزىتى"، "قانۇنچىلىق گېزىتى"، قاتارلىق ۋەتەندە ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان، خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىتلەرنى مۇشۇ كىشىگە ت. كومار ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بېرەتتىم. )

مۇراسىمغا يەنە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەھبىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ، ھارماي - تالماي كۆرەش قىلغان گۈزەل ئايال سۆزىن خانىم كېلىپ قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

مۇراسىمغا يەنە100 نەپەردىن ئارتۇق ئامېرىكىلىق، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كاتىپلىرى، ئىشخانە مۇدىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار كېلىپ قاتناشتى.

مۇراسىمغا يەنە نۇرۋېگىيەدىن يېتىپ كەلگەن،" رافتو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى"نىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى كېلىپ تولۇق قاتناشتى.

ئەپسۇس،مىڭ ئەپسۇس ھىلارى كىلىنتون خانىم مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن، لېكىن بۇ خانىم يىغىنغا يېتىپ كېلەلمەي قالدى، شۇڭا مىڭ ئەپسۇس.

"ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ تىبەت بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان مۇخبىرلار، شۇ رادىئونىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان بىر نەپەر مۇخبىر، بىرما بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان مۇخبىرلار،" ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى"نىڭ

خىتاي مۇخبىرلىرى، تەيۋەننىڭ مۇخبىرلىرى، تۈركىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ مۇخبىرلىرى، ئامېرىكىنىڭ قىسمەن مۇخبىرلىرى، نۇرۋېگىيە تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ مۇخبىرلىرى كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇراسىمدا نۇرۋېگىيە " رافتو كىشلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيتى"نىڭ باشلىقى ئارنا ئەپەندى ئاۋۋال سۆز قىلىپ،1997 -يىلى2 -ئاينىڭ5 -كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىسيانكار ئۆلكىسى ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى، كىشلىك ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ قانداق باستۇرغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتتى.

ئارنا ئەپەندى، ئۇيغۇرنىڭ مەرھۇم مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئابدۇېرھىم ئۆتكۈرنىڭ "ئىز " ماۋزۇلۇق شېئىرىنى دېكلىماتسىيە قىلدى:

............تاپقۇسى بۇ ئىزنى بىركۈن نەۋرىمىز، يا چەۋرىمىز.

شۇڭغىچە ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان سىدىقھاجى روزى يىغلىدى..... يىغلىدى.... كۆزىدىكى ياشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالما سلىقى ئۈچۈن تورۇسقا، زالنىڭ تورۇسغا قارىۋالدى.......

مۇراسىمدا قىزىم ئەقدەم ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا، ئۇنىڭ تۈرمىدىكى ھاياتى توغرىسىدا ھەتتا بىر پىيالە قىزىل مۇچ- سامساقنىمۇ ساقچىلارنىڭ قۇبۇل قىلمايدىغانلىقى، رابىيە قادىرنى تاماقتىنمۇ قىينايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتى... ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەيتى، بىر تەرەپتىن يىغلايتى.

-مەن ئامېرىكىغا 12 يېشىمدا كەلدىم.... كىچىك سىڭلىم ئامېرىكىغا 9يېشىدا كەلگەن ئىدى...... بىز تېخى ئانىمىزنىڭ مېھرىگە، ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان ئىدۇق. 6 يىل بولدى،ئانىمىزدىن تىرىك ئايرىلدۇق. يا تېلېفون ئارقىلىق ئامان -ئېسەنلىك سورىشالمىدۇ ق ئانىمىز بىلەن، يا خەت ئارقىلىق سالاملىشالمىدۇق ئانىمىز بىلەن. ئانام تىرىك خىتاينىڭ تۈرمىسىدە...... بىز ئامېرىكىدا. بىز ئامېرىكىغا دېموكراتىيە ئىزدەپ كەلگەن ئىدۇق، ئەركىنلىك قانداق بولىدۇ، كۆرگىلى كەلگەن

ئىدۇق.....بىزگە ئامېرىكىدىمۇ خىتاي ئارامىلىق بەرمىدى.....ئانا.......بالا.... بالا...... ئانا، قىزىم ئەقىدەم يىغلايتى. پۈتۈن زال تىمتاس بولۇپ كەتتى...كۆزلىرىدە ياش ھەممىسى قىزىم ئەقىدىگە تىكىلىپلا قالدى.......

بىر نەپەر ئامېرىكىلىق مېھرىبان كىشى :ئۆمرۈمدە بۇنداق ئېچىنىشلىق سورۇننى كۆرمىگەن ئىدىم، دېگەن ئىمش.

سىدىنقھاجى روزى سۆز ئالدى:

ھۆرمەتلىك يىغىن، مۇراسىم ئەھلى، ئايالىم رابىيە قادىر ھازىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدە. رابىيە قادىر،2004 -يىللىق نورۋىگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ يىللىق خەلقئارالىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەن بۇگۈن بۇ يەردە:

"خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى ۋە بارلىق ئەزالىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلدى.

"كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە بارلىق رەھبەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى.

"راپتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە رەھبەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش جەھەتتە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئامېرىكا خەلقىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن نورۋىگىيە خەلقى ۋە نورۋىگىيە ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن دېدىم......

سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم :

-ھازىر ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۈچ جەھەتتە يوقىتىش سىياسىتىگە دۇچ

كەلدى....

1- ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قولغا ئېلىش تۇزۇك سوت قىلمايلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش سىياستىگە دۇچ كەلدى....

2- ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيتى مائارىپى خىتاينىڭ خىتايلاشتۇررۇش سىياستىگە دۇچ كەلدى.....

3- ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت نامىدا پىلانلىق ئۆلتۈرۈش سىياستىگە دوچ كەلدى.....

يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوننىڭ ئۆزبېك رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، خىتاينىڭ 5 يىللىق پىلانى ۋە پىلانلىق تۇغۇت سياستى توغرىسىدا توختۇلۇپ5 : يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مەزگىلىدە 3مىلىيۇن نارەسىدە ئۇيغۇر بوۋاقنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48%، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ 58% بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.....

ئۆتكەن يىلى 2004-يىلى9 -ئاينىڭ 15 -كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوننىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لې چۈەن،1 -ئايدىن8 -ئايغىچە 22 مەخپى قۇرۇلغان سىياسى تەشكىلاتنى پاش قىلىپ، بۇنىڭدىن 53 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئاق كۆڭۈل دۇنيا، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان دۇنيا، ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارغا مۇنداق ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھېچ قانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

لېكىن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئامېرىكا خەلقى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلانى باستۇرۇشىغا قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلدى.

-مەن بۈگۈن بۇ يەردە ئۈمىد قىلىمەن:

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نامىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرى ۋە بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر توغرىسىدا، ئۇيغۇرلارنى ئېتنىڭ جەھەتتە تازىلىماقچى، يوقاتماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا قانۇن لاھيە ماقۇللاپ بېرىشىنى ئۈمىد

قىلمەن. پىرىزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ قانۇن لاھىيىنى دۆلەت مەجلىسىگە قايتۇرۇۋەتمەي، بۇ قانۇن لاھىيىگە ئىمزا قويۇپ ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ بۇ قانۇننى" ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماقۇللىغان قانۇن "قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۇرۋېگىيە ھۆكۈمىتى ۋە نۇرۋېگىيە خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنياۋى سىياسى رېياللىق ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە داۋاملىق چۇڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا، "رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ باشلىقى ئارنا ئەپەندى، رابىيە قادىرغا بېرىلگەن "رافتو مۇكاپاتى" نىڭ دىپلومىنى ماۋى، سىدىقھاجى روزىغا تاپشۇردى. زال ئىچىدىكى كىشىلەر چاۋاك بىلەن تەبرىكلىدى.

مۇراسىم ۋاشىنگتون ۋاختى كەچ سائەت 5تىن كەچ سائەت7 گىچە داۋاملاشتى.

قىزىغى شۇ يەردىكى، بۇ قېتىمقى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئەسلىدە 2005-يىلى1 -ئاينىڭ 7 -كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى، ئامېرىكا" دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى" مۇراسىمنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاختىنى1 -ئاينىڭ 26-كۈنىگە ئۆزگەرتتى.

**نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى**

2005 -يىلى 2-ئاينىڭ2 -كۈنى

ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى، ئۇيغۇرىستاندا يېتىشىپ چىققان، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى نامايەندىسى ئايال سودا -تىجارەتچى، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر، بۇ يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.

شاڭگاڭدىن كەلگەن خەۋەر :

چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قانۇنسىز

يوللار ئارقىلىق ماتېرىيال يوللاپ بەرگەن، دەپ جىنايەت ئارتىپ 8يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىغا5 يېرىم يىل تولغان كۈنلەردە، رابىيە قادىر2005 -يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.

رابىيە قادىر2004 -يىلى9 -ئايدا نورۋېگىيە" رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى"نىڭ،2004 -يىللىق كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ساھىپ بولغان ئىدى. مۇكاپات تارقاتقۇچى تېرىسا خانىم،رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇرستاندا ئاياللار ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى رېيال مەدەھلەپ ئۆتكەن. بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىشىلەر ئۆتمۈشتە نوبىل مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشكەن.

2005-يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات نامزات كۆرسىتىش بۇ يىل2 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئاخىرلاشتى. شاڭگاڭ" ئالما گېزىتى"نىڭ، "رويتېرس ئاگېنتلىقى"نىڭ خەۋەرلىرىدىن سىتاتا كەلتۈرۈپ تارقاتقان خەۋىرىدە : نورۋېگىيە ئوسلو تىنچلىق تەتقىقات ئىنىستىتوتىنىڭ رەئىسى،3- دۇنيا ئەللىرى ئاياللىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن كومىتېتىمىز بۇ يىللىق نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىنى 58ياشلىق رابىيە قادىرغا بېرىشى مۇمكىن، دىدى دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەردە مۇنداق كۆرسىتىلدى : نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتى نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلمىدى لېكىن رابىيە قادىر ئاللىقاچان نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ كاندىدات نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىلدى، دىدى رەئىس.

رابىيە قادىر،1999-يىلى8 -ئايدا" شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يېتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلار چۈشكەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇم مېھمان خانىسىغا كېتىۋاتقاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 2000-يىلى3 -ئايدا، 8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

خەۋەردە يەنە مۇنداق كۆرستىلدى : ئۇيغۇرستان، " شنجاڭ " ئۇيغۇر ئاپتۇنوم رايونىدا شىركەت قۇرغۇچى ئايال سودىگەر رابىيە قادىر، 180مىليۇن يۋەنلىك كۆچمەس مۈلۈككە ئىگە ئىدى. ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان " ۋال كوچىسى گېزىتى"دە، رابىيە قادىر جۇڭگودىكى بايلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. رابىيە قادىر جۇڭگودا سىياسى كېڭەشكە ئەزا بولغان، 1995-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن 4-قېتىملىق خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. رابىيە قادىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى، ئاياللارنىڭ مۇئارىپ، تەرەققىيات ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان ئايال ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزى 1996-يىلى ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىپ، سىياسى پاناھلىق تىلەپ، ئامېرىكىدا ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت قىلغان كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىر، جۇڭگودا سىياسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان." ئالما گېزىتى"نىڭ خەۋىرى مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتى.

**"ۋەشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ خەۋىرى**

2005-يىلى2 -ئاينىڭ7 -كۈنى

"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى7 "-كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى : پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى، كېلەر ئايدا جەنۋەدە ئېچىلىدىغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا دوكلات سۇنۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا تەرەپكە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ياكى جازا مۇددىتى قىسقارتىلغان 51نەپەر مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇردى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى جۇڭگونىڭ سىياستىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشتى.

ئامېرىكىدا تىزىملاتقان " دېئالوگ فوندى جەمئىيىتى"نىڭ ئاشكارىلىشىغا ئاساسلانغاندا،ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆتكەن ھەپتە بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە جۇڭگو تەرەپ يۇقىرىقى تىزىملىكنى تاپشۇرغان. ئۆتكەن يىلى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش توغرىسىدا مۇددىئانامە ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى بىر تەرەپلىمە توختاتقان. ئۆتكەن يىلى10 -ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا تەرەپكە خۇپىيانە خەۋەر يەتكۈزۈپ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.( سۆز مەتبۇئات ھوقۇقى دېگەن مۇنداق بولامدۇ ؟ ھۆكۈمەتلەر ئارا خۇپىيانا سۆھبەتلەرنىمۇ گېزىتلەردە ئېلان قىلىدىغان.....)

خىتاي ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان تىزىملىكتىكى 51 نەپەر سىياسى مەھبۇسنىڭ ئىچىدە 17 نەپەر كىشى ئالLIقاچان تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. 29 نەپەر مەھبۇسنىڭ جازا مۇددىتى كېمەيتىلگەن، 5نەپەر سىياسى مەھبۇسنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىر ئويلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. 5 نەپەر مەھبۇسنىڭ ئىچىدە 3نەپەر مەھبۇسنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. قالغان2 نەپەر سىياسى مەھبۇس ئالدىمىزدىكى5 -ئاي ئىچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن. ( بۇنىڭ ئىچىدە رابىيە قادىرمۇ بارمدۇ؟ )

**"مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم"**

2005-يىلى 3-ئاينىڭ17 -كۈنى

تەبئەتتە ھەر كۈنى تاڭ ئاتىدۇ. لېكىن بۈگۈن بۇ تاڭ ماڭا باشقىچە

بىر تاڭ بولۇپ تاڭ ئاتتى. تاڭ، تاڭ ئېتىش تەبىئەتتىن ئادەملەرنىڭ مەنىۋى پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش دۇنياسىغا يۆتكۈلۈپ كېلىپ، ئىزگۈ كۈنلەرنىڭ، ياخشى كۈنلەرنىڭ، ئازادلىق، ھۆرلۈكنىڭ سىموۋۇلى بولۇپ كەلگەن." تاڭ ئېتىش" ، مەڭگۈ ئىپادىلەيدىغان، تەسۋىرلەيدىغان تېما بولۇپ ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ماڭا بۈگۈن شۇنداق تاڭ ئاتتى. مەن ئامېرىكىغا ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دەردىنى دەۋا قىلىمەن دەپ كەلگەن ئىدىم. مەن، قىلىمەن دېگىنىمنى قىلىشىم كېرەك.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مۇشۇ سۆزلىرىم، مۇشۇنداق خىياللىرىم، مۇشۇنداق ھەرىكەتلىرىم، ئېھتىمال باشقىلارنىڭ نەزىرىدە دۆشمەنلىك بولۇپ جىنايەتچى دەپ، قارىلىنىشىم مۇمكىن ئىدى. مەن ئادەم، شۇڭا مەن قىلىمەن دېگىنىمنى قىلىشىم لازىم. ئۇنداقتا مەن، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئاخماق ئادەم ئىدىم. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئاخماق ھېسابلايتىكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر قورساق ئۈچۈن ياشىغان بولسام، مەن ئەقىللىق ئادەم ھېسابلىناتتىم. شۇڭا مەن ئامېرىكىغا كېلىپ شۇنداق "ئاخماق" ئادەملەر قىلىدىغان "ۋەتەن" ،" مىللەت" ، دەيدىغان "ئاخمىقانە" ئىشلارنى قىلدىم.

شۇنداق قىلغانلىقىم، شۇنداق ئاخماق ئىشلارنى قىلغانلىقىم، ئامېرىكا خەلقى ئېچىپ بەرگەن رادىئو ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىگە لېكسىيە سۆزلىگەنلىكىم يەنە بىر سەۋەپ بولۇپ مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى، 1999-يىلى8 -ئاينىڭ 11 -كۈنى خىتاينىڭ ساقچىلىرى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامالدى......

1996-يىلى-4 ئاينىڭ24 -كۈنى ئايرىلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، توپ -توغرا 9 يىلدىن كېيىن ئىككىمىز ۋاشىنگتۇندا ئۇچراشتۇق، ۋاشىنگتۇندا دىدارلاشتۇق، ۋاشىنگتۇندا قۇچاقلاشتۇق. ئانىسى رابىيە قادىر 5نەپەر بالىسى بىلەن ۋاشىنگتۇندا ئۇچراشتى. شۇڭا بۈگۈن مېنىڭ باللىرىمغا ۋە ماڭا ۋاشىنگتۇندا تاڭ ئاتتى.

ھەر كىم ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ

نىملىكنى ھەر كىم ئاندىن چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرگە ھەمدەم ۋە ھەمدەرت بولالمايدۇ.

رابىيە قادىر، ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھرىدە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، مۇخبىرلارغا، مۇخبىرلارنىڭ تىلى ۋە تاراتقۇلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا : مەن ئۇيغۇر، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدۇم، مەن يورۇق ئالەمگە قايتىپ كەلدىم، رەھمەت ئامېرىكا خەلقى دەپ، ئېلان قىلدى.

بۇ كۈن 2005-يىلى-3 ئاينىڭ17 -كۈنى باھار ئايلىرى ئىدى، دېمەك،ماڭا باھارنىڭ تېگى، ۋاشىنگىتونۇدا تاڭ ئاتقان ئىدى. رابىيە قادىر ئۆرۈمچى باجىياخۇ ئايالالار تۈرمىسىدىن ئايروپىلانغا چىقىپ ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندا ئۆرۈمچىدە قالغان 5 بالىمىزغا خوش دېيەلمىدى، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا خەير - خوش دېيەلمىدى پەقەت ئايروپىلانغا چىقىپ ۋەتىنى ئۇيغۇرستانغا خەير -خوش دېيەلىدى......

ئەر خوتۇن ئىككىمىزنىڭ كىمگىدۇر بىرسىگە مىننەت قىلىدىغان ۋايساشلىرىمىزمۇ يوق، ئەر خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ قاراپ، تاشلاپ كەلگەنلىرىمىزگە ئېچىنىپ، يوقاتقانلىرىمىزغا پەرىشان بولۇپ پۇشايمان قىلىدىغان ئادىتىمىزمۇ يوق. يوقنىڭ دەردىنىمۇ تارتىپ باققان، بارنىڭ دەردىنىمۇ تارتىپ باققان ئەر خوتۇن بىز. دۇنياغا نېمىشقا كەلدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئاتا -ئانىمىز ئەيىپلىك ئەمەس. ھەر بىر بەندە پەقەت تەقدىرنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن يارىتىلغان خالاس. تۇغۇلۇپ ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئېتىكىگە چۈشتۇق، ئاتا -ئانىمىزنىڭ ئېتىگىدىن يەرگە ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننىڭ تۇپرىقىغا يەرگە دەسلىدۇق. بۇ يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، بىزنىڭ زېمىنىمىز ئۇيغۇرستان ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان بارلىق ئۇيغۇرنىڭ تۇپرىقى، ۋەتىنى، زېمىنى شۇ ئىدى. لېكىن بۇ تۇپراقنى، لېكىن بۇ زېمىننى، لېكىن بۇ ۋەتەننى كەلگىندى خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىدى. بىزنىڭ زېمىنىمىز شۇڭا مۇستەملىكە زېمىن ئىدى. بۇ دۇنياغا ئۈچ ۋاخ تاماق ئۈچۈن كەلمىگەن ئىدۇق، شۇڭا،ئەر خوتۇن ئىككىمىز ئۈچ ۋاخ تاماق ئۈچۈن ياشمايتۇق.

ۋەتەن بىزگە زېھىن ئاتا قىلدى، ۋەتەن بىزگە ئەقىل ۋە ئاڭ ئاتا قىلدى. ۋەتەن بىزگە رىسق ئاتا قىلدى، ۋەتەن بىزگە دۈشمەن ئاتا قىلدى. ئەمدىكى گەپ شۇ ۋەتەننىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىدى. خىتاي تىللىق دۈشمەنلەرمۇ بىزگە يۈپۈرۈلۈپ كېلىشتى، ئۇيغۇر تىللىق دۈشمەنلەرمۇ بىزگە يۈپۈرۈلۈپ كېلىشتى. بىز كۆرەش قىلدۇق، مۇشۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئاخماق بولسا بىز ئەر خوتۇن ئىككىمىز ئەنە شۇ ئاخماقلاردىن بولۇشقا تەييار ئىدۇق.

مەن كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. رابىيە قادىر تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمنىڭ بىر تەرىپى يورۇق ئىدى. بۈگۈن -ئەتە، ئۆگۈن ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر مېنىڭ يېنىمغا يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتىم. ھامان بىر كۈنى تۈرمىدىن چىقىپ مېنىڭ يېنىمغا ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كېلىدىغانىدەكلا تۇراتتى. ئاخىرى شۇنداق بولدى شۇ كۈنلەر ماڭا 9 يىلدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەن ئۆزۈممۇ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئادەم بولغاچقا باشقىچە پىكىردە ئەندىشىلىك خىياللاردىن قۇتۇلالمايتىم. ئاچ قويۇپ بولسىمۇ بىر ئىككى كۈن ئىچىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ تۇرغان گەپ ئىدى.......

3-ئاينىڭ 17 -كۈنى ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن 3-ئاينىڭ15 -كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن قىزىم ئەقدەمگە، ئۆيىمىزگە تېلېفون كەلدى :

- سىلەر ھازىر قەيەردە، ئوكلوخومادىمۇ ياكى ۋاشىنگتۇندىمۇ ؟

_ بىز ھازىر ئائىلىمىز بىلەن ۋاشىنگتۇندا، ھەممىمىز بىر ئۆيدە، جاۋاب بەردى قىزىم ئەقدەم.

_ بىز ھازىر 9 نەپەر كىشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە سېنىڭ داداڭ ۋە سەن بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىمىز دەپ، تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتىمىز.

ماقۇل مەن سىلەرنىڭ تېلېفونڭلارنى ئاڭلايمەن دەپ جاۋاب بەردى قىزىم ئەقدەم.

- ئانگىز رابىيە قادىر، ھازىر بېيجىڭدە ئايروپىلان ئىستەنسىسىدە ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ....... بۇ گەپنى ئاڭلىدىيۇ،- قىزىم ئەقدەم مشىلداپ يىغلاپ كەتتى...... ئارقىدىنلا مەنمۇ كۆز يېشىمنى تۇتۇپ ئالالمىدىم. ئازاپلىنىش ھېسسىياتىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان شاتلىنىش ھېسياتى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىزىمنىڭ ۋە مېنىڭ ئىنسانلىق تۇيغۇمىزنى تاتىلاۋاتاتتى. قىزىم ئەقدەم يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئامېرىكا خەلقىگە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە رەھمەت دېيەلىدى. مەن ھەم شۇنداق رەھمەت ئېيتتىم. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تېلېفون بېرىۋاتقان ئەپەندىم:

- سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزدۇق. سىلەرنى خوش بولسۇن دېدۇق. بىراق، رابىيە قادىر ئايروپىلانغا چىقىپ، ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلمىگىچە ھەر قانداق كىشىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزمەيسىلەر.

- بولىدۇ، بىز چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، دېدى قىزىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىقتا چۈمدۇق، ئۆينىڭ ئىچىنى ۋە تاشقىرىنى تازىلاشقا باشلىدۇق. ھەر قانداق كىشىگە، ھەر قانداق ئۇيغۇرغا خۇشاللىقىمىزنى چاندۇرۇپ قويمىدۇق.

بۇ خەۋەرنى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى، ئايروپىلانغا چىققانلىقىنى، ئايروپىلاننىڭ ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ب ب س پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى.(پۈتۈن دۇنيادا خەۋەرنىڭ ئورگىناللىقى، يېڭىلىقى ب ب سدىن ئاشمايدىكەن.)شۇنىڭدىن كېيىنلا مەن ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ ئايروپىلانغا چىققانلىقىنى ۋاشىنگتۇندا ياشاۋاتقان، كانادادا ياشاۋاتقان كامىل تۇرسۇن قاتارلىق يېقىنلىرىمغا ئاڭلاتتىم. ئۇكام دېمەتلىك دوستۇم كامىل تۇرسۇن:

- ئايروپىلانغا چىققان بولسا، كەلگەندە ھېساب دەڭە، دېمەسىمۇ. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى....... خىتاي ئايروپىلاننى كەينىگە قايتۇرۇپ كېتەرمۇ. لېكىن ئايروپىلان ئامېرىكا ھاۋا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانى

ئىدى.....ئەلبەتتە رابىيە قادىر ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇراتتى. بەلكى شۇنداق ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇشى مۇمكىنمىدۇ، دۆلەتلەر ئارا يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە مۇناسىۋەتلەردە.......تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تېلېفون قىلغان ئەپەندىمنىڭ...... ئايروپىلانغا چىقىپ.... ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرلمىگىچە... دېگەن سۆزي بىلەن كامىل تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ - كەلگەندە ھېساب دەڭە، دېگەن سۆزىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇردۇم. مۇزدەك بىر سوغۇق ئېقىم تاپىنىمدىن ئۆرلەپ مېڭەمگە چىقتى....خۇدا ئۆزەڭگە تاپشۇردۇم.

2005-يىلى بېيجىڭدىن چىكاكوغا چۈشۈپ، چىكاكودىن ۋاشىنگىتۇنغا قاراپ ئۇچقان ئايروپىلان ۋاشىنگىتۇن ۋاقتى كەچ سائەت 9 دا ۋاشىنگىتۇن رېگان ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى. رابىيە قادىر ۋە بېيجىڭدىن رابىيە قادىر بىلەن بىللە كەلگەن ياشقىنە بىر نەپەر ئامېرىكا ئەمەلدارى، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى جېلىل ئەپەندىلەر، رابىيە قادىر بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

ئاڭغىچە ۋاشىنگىتۇندا ياشاۋاتقان 150 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار رابىيە قادىرنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن ئايروپىلان ئىستەنسىسىگە توپلانغان ئىدۇق. باللىرىم ئىشىكتىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئانىسىنى كۆرۈپ، رابىيە قادىرغا قاراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسغا ئېتىلدى. ئۇيغۇر كىشىلەر بۇ دەقىقىلەرنى ئالقىشلىدى، ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلىدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەلىبىسنى تەبرىكلىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە رابىيە خېنىمنى ئامېرىكىنىڭ بايرىقى ئىچىگە ئېلىپ قوچاقلىدىم....... مەن بۇ كۈنلەرنى ئۇزۇن زامان كۈتكەن ئىدىم.....

ئامېرىكىدا رادىئو گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى رابىيە قادىردىن ۋە ئۇيغۇر ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىشتى. ئايروپورت زالىنىڭ ئىچى قاينام- تاشقىنلىققا چۆمۈپ كەتتى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل رەھبىرى سۆزىن خانىم ئايروپىلان ئىستەنزىسگە يېتىپ كېلىپ، ئامېرىكا

خەلقىنىڭ غەمخورلىقىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتتى.

باللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ۋەتەندە ئۈرۈمچىدە قالدى، بىر قىسمى ۋاشىنگتوندا بوگۈن پۈتۈن ئائىلە جەم بولدۇق.

3-ئاينىڭ 18-كۈنى ۋاشىنگتوندا يەنە ئادەتتىكىدەك تاڭ ئاتتى. رابىيە قادىر ۋاشىنگتوننىڭ سۈزۈك ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، 6 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم قوياش نۇرىنى كۆرگەن بولدى. ئايرىلىپ كەتكەن باللىرى ۋە ئېرى سىدىقھاجى روزى بىلەن، رابىيە قادىر 9 يىلدىن كېيىن جەم بولدى.

كەچتە قىزىم ئەقدەم مېنى يېنىغا تارتىپ:

-دادا ئانام مېنى تونۇمىدى.......، ئۇكىلىرىمنى تونۇمىدى.......مەن ئانامنى شۇنچە سېغىنغان ئىدىم....ئانام بىزنى ئېسىگە ئالالمىدى، دېدى يىغلىدى. مەن:

-قىزىم، ھازىر ئاناڭنىڭ ئېسى يوق، سېنىمۇ. ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىمۇ دەرھال تونۇپ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ.ۋاقىت كېتىدۇ، كېمىدە 3 ئايدىن كېيىن تولۇق ئېسىگە كېلىدۇ، دېدىم.

..... شۇنداق قىلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا قايتىدىن باشلاندى.... يول ئۇزۇن.... ھاياتلىق يولى بەك ئۇزۇن ھۆرلۈك يولىمۇ بەك ئۇزۇن ئەگەر ئاللاھ، خالىسا ھۆرلۈك يولى بەلكى دەققە ئىچىدە يورۇپ كېلىدىغان يولدۇر.

**ئەيپلەش قانۇن لاھىيىسى 6**

2005-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى

خىتاي تىلدا نەشر قىلىنىدىغان "دۇنيا گېزىتى"، مۇنداق خەۋەر

تارقاتتى:
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىم، جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا،جۇڭگو ھۆكۈمىتى "شىنجاڭ"لىق، ئۇيغۇرىستانلىق باي ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنىڭ، نۆۋەتتە ختاينىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ، چە تئەلگە چىقىپ داۋالىنىشىغا رۇخسەت قىلدى.
ئوخشاش ۋاقىتتا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، بېيجىڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان قانۇن لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 10 يىلدىن بېرى ئامېرىكا تۇنجى قېتىم يىللىق يىغىندا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇپ ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان بولدى.
" فىرانسىيە ئاگېنتلىقى"، ئامېرىكىدا قۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى "دىئالوگ فوندى جەمئىيىتى" نىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: رابىيە قادىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن تاشقىرىدا داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلىندى"، دەپ كۆرسەتتى.
تۈرمىگە 6يىلدەك نەزەربەنت قىلىنغان رابىيە قادىر، ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتونغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ يېقىندا ئامېرىكىدىكى بالا -چاقىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.
58 ياشقا كىرگەن، رابىيە قادىر،1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى " چەتئەلگە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە مەخپى ماتېرىيال يوللاپ بەردى" ، دەيدىغان جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ 8يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. ئۆتكەن يىلى3 -ئايدا كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئاستىدا رابىيە قادىرنىڭ جازا مۇددىتى بىر يىل قىسقارتىلغان. رابىيە قادىر3 ،-ئاينىڭ17 -كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، 2006-يىلى8 -ئايدا توشىدىغان جازا مۇددىتىنىڭ يەنە 17 ئاي ۋاختى قالغان ئىدى.
بېيجىڭ دائىرلىرى،17 -كۈنى كەچتە ئامېرىكىدىكى كىشىلىك ھوقۇق

تەشكىلاتلىرىغا رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىۋاستە ئۇختۇردى. كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىدىن بۇرۇن، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى بۇ نېمە ئىشنىڭ بىشارىتى؟

بۇ ھەرىكەت، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاندىلىزا رايىش خانىمغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ قىزى ئەقىدە روزى بۇ خەۋەردىن خەۋەردار بولۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ھەمدە 6 يىلدىن بېرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتتى. ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى قارشى ئېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە باشقا سىياسى ۋە دىنى ئېتىقاد جىنايەتچىلىرىنىمۇ تۈرمىدىن تېزرەك قويۇپ بېرىشكە چاقىرىق قىلدى.

رابىيە قادىر، سودا -تىجارەت ساھەسىدە غەلبە قىلغان سودا - تىجارەتچى ئايال بولۇپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۆزىنىڭ شىركىتىنى باشقۇراتتى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت قىلىشىغا ياردەملەشكەنلىكتىن،، جۇڭگو قۇرۇقلىقىدا جۇڭگو قۇرۇقلىقىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى دەپ، قارىلىپ، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزى "شىنجاڭ "ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىك ئەربابى، ئۇ ھازىر، ئامېرىكىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رابىيە قادىر، گېزىت پارچىلىرىنى ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا يوللاپ بەرگەن. شۇ سەۋەپتىن قولغا ئېلىنغان.

رابىيە قادىرغا قاماق جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىر دېلوسىغا ئۆزلۈكىدىنلا كۆڭۈل بۆلگەن. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىر، ئامېرىكا بىلان خىتاي دېئالوگىدا مۇھىم ئوبيېكىتلارنىڭ بىرى،دەپ كۆرسەتكەن.

2003-يىلى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسى قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى نەزەربەنت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كېسىم ئېلان قىلغانلىقىنى ئەيىپلەپ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پرېزىدېنت بوشنىڭ "جىددىي ھەرىكەت قىلىپ"، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۇرمىدىن دەرھال، شەرتسىز قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

"فىرانسىيە ئاگېنتلىقى"نىڭ 17-كۈنى ۋاشىنگتۇندىن بەرگەن تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى:" ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئاينىڭ 17-كۈنى نەزەر بەنت قىلىنغان ۋە كېسىم ئېلان قىلىنغان سىياسىي مەھبۇس ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى يەنە باشقا سىياسىي ۋە ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلارنىمۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

رابىيە قادىر،17 -كۈنى كەچتە ۋاشىنگتۇنغا يېتىپ كېلىپ ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزى ۋە بالا -چاقىلىرى بىلەن جەم بولدى.

ئاق سارايىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ :"' بىز بۇ خىل تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئۇسۇلىنى ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. لېكىن بىز جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە يەنىلا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىمىز، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى يەنە مۇنداق كۆرسەتتى :" ۋاشىنگتون، بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ بۇ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان قانۇن لاھىيە ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەمدە رابىيە قادىرنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەنلىكى بىر خىل ئىلگىرلەشنىڭ ئالامىتى، دەپ كۆرسەتتى.

**سىدىقھاجى روزىنىڭ باياناتى**

2005-يىلى3 -ئاينىڭ18 -كۈنى

مەن رادىئو ئارقىلىق مۇنداق مەزمۇندا بايانات ئېلان قىلدىم.

11بالامنىڭ ئانىسى، مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان رابىيە قادىر، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئازاد بولۇپ، 2005-يىلى3 -ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتۇن شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان بالا -چاقىسى بىلەن جەم بولدى.

رابىيە قادىرنىڭ شۇ كۈنلەردە خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇش مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئارقا -ئارقىدىن ئۈدا6 يىل بېسىم ئىشلەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئازاد قىلدى. بۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئامېرىكا خەلقىنىڭ رابىيە قادىرغا ۋە ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن غەمخورلىقىدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان سىدىقھاجى روزى ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ ئادەت سىستېمىسى ئىچىگە قويۇپ ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمدىن راھمەت ئېيتىدۇ.

كېيىنكى 10 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا، بولۇپمۇ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا، خىتاي تۈرمىسىدىكى ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتىپ بىر قانچە قېتىم چاقىرىق ۋە بىر قانچە قېتىم مۇراجىئەت ئېلان قىلغان " ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا چىن قەلبىمدىن يەنە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. "ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ رەھبىرى ت.كومار ئەپەندىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

"كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ۋە

رەھبەرلىرىگە، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىمغا ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن ۋە بالا چاقىلىرىم نامىدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن. مېيكى خانىم، رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىش يولىدا كۆپ خىزمەتلەرنى ئىنتايىن كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ياشىنىپ قالغان مېيكى خانىم،ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قىلدى.

رابىيە قادىر، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ ۋاشىنگىتونغا يېتىپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەن، گېرمانىيە "خەتەر ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنى قۇتقۇلدۇرۇش تەشكىلاتى"غا ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ئۇلرىخ ئەپەندىگە چىن قەلبىمدىن راھمەت ئېيتىمەن.

فىرانسىيە دۆلىتىنىڭ پىرىېزىدېنتى شىراك ئەپەندى، 2000-يىلى11 - ئايدا خىتايىنى زىيارەت قىلغاندا رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بىرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەت بەردى ۋە دۆلەت ئەخلاقى دائىرىسىدە بېسىم ئىشلەتتى. شۇڭا پىرېزىدېنت شىراك ئەپەندىمگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

رابىيە قادىر1999 -يىلى 8 - ئاينىڭ11 - كۈنى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئەنگلىيە بىلايىر ھۆكۈمىتى تۇنجى بولۇپ رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. كېيىن لوندۇنغا دۆلەت ئىشلار زىيارىتى بىلەن يېتىپ كەلگەن جياڭ زېمىن بىلەن بىلايىر ئەپەندى سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، بىلايىر ئەپەندى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەنگلىيە دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رابىن كوك ئەپەندى سۆھبەت بايان قىلىپ،خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشگە مۇراجىئەت ئېلان قىلدى.رەھمەت ۋەزىر بىلايىر ئەپەندى، رەھمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رابىن كوك ئەپەندى، رەھمەت ئەنگلىيە خەلقى!

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىرى شورودىر ئەپەندىگە ۋە بۇ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى سۆزىن خانىم :

سىز، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە كۆپ غەمخورلۇق كۆرسەتتىڭىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بويىچە كۆپ خىل تولۇمۇ مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز. ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان ھەر خىل قىسمەتلەرگە، ھەر خىل خورلۇنۇشلارغا،ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەر خىل زۇلۇم شەكىللىرىگە كۆپتىن- كۆپ كۆڭۈل بۆلدىڭىز. رەھمەت سىزگە سۆزىن خانىم. مەنلام ئەمەس پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن سىزگە كۆپتىن- كۆپ رەھمەت خانىم.

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلىتى، ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى:

سىز،2002 -يىلى12 -ئاينىڭ18 -كۈنى ۋەكىللەر ئۇمىكىنى باشلاپ ئۇرۇمچىگە يىتىپ كېلىپيەرلىك خىتاي ھۆكۈمىتىگە، تۇرمىدىكى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئىلتىماس قويدىڭىز، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىماسىڭىزنى قۇبۇل كۆرمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئوتتۇردا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە "شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى" غا بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە دوكلات بەردىڭىز. ئۇيغۇر خەلقى بىر تەرەپتىن تاڭ نۇرىنىڭ يۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. خەلقئارا جەمئىيەتكە نەخ مەيدان كۆرستىشى بېرىشكە دەسلەپ قوشۇلغان جۇڭگۇ ھۆكۈمىتى نېمىشقىدۇر يەنە ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. ئەمما سىزنىڭ

كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىغىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى.2003 -يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە " ئۇيغۇرىستان دېموكراتلىرى پارتىيىسى" قۇرۇلدى. سىزگە كۆپتىن- كۆپ رەھمەت لورېن كىرەيىنېر ئەپەندى.

يىغىن ئېچىش، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىق ئېلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بويىچە گۇۋاھلىق بىرىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ھارماي-تالماي خىزمەت ئىشلىگەن تام لەنتوس ئىشخانىسىنىڭ ئاكتىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى خانىس ئەپەندىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە 3 قېتىم قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە كۆتۈرۈپ چىققان سەنەتورلار، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغاچىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇرلارغا ئەڭ دەسلەپ كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەسىلىسى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ئاخىرىدا رابىيە قادىر مەسىلىسى بويىچە دۆلەت مەجلىسىدە پىكىر تەشكىللەپ 82 نەپەر دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ ئىمزا قويدۇرۇپ، پىرىزىدېنت بوشقا يوللاپ بەرگەن تام لەنتوس ئەپەندىگە ۋە تام لەنتوس ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدىكى بارلىق رەھبەرلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇرغا سادىق ئوغلى، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى، ئۇيغۇرنىڭ مىللەتپەرۋەر ئوغلى رەھمەتلىك ئەكبەر مىجىت ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئاللاھ، ساڭا رەھمەت قىلسۇن ئوغۇل بالا يىگىت. بۇ يىگىتنىڭ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئايالى ئەنگلىيىلىك ئايالى سالى خانىمغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

سلەر ماڭا، ئەر-ئايال ئىككىڭلار ماڭا ياردەم قىلدىڭلار. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم قىلدىڭلار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زارىنى، دەردىنى دۇنياغا ئېلىپ چىقىش يولىدا كۆپ ئەجىر چەكتىڭلار. بالىلىرىم تېخى ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ كېتەلمىگەن چاغلار ئىدى. يازغان ماتېرىياللىرىمنى، «شىنجاڭ يىل نامىسى» دىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئائىت تەييارلىغان ماتېرىياللىرىمنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا يوللاپ بېرىپ، ئۇكىمىز ئەكبەر مىجىت ئايالى سالى خانىم بىلەن ئەنگلىيىدە تۇرۇپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ۋە" كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئىنگلىز تىلى تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەكبەر مىجىت مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ماڭا مەسلىھەتچى بولدى، ماڭا ئادىمگەرچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ياردەم قىلدى. رەھمەتلىك ئۇكىمىز ئەكبەر مىجىت 2002 -يىلى 2- ئاينىڭ 19 -كۈنى راك كېسىلى بىلەن لوندۇندا ۋاپات بولدى. بۇ راك كېسىلى قانداق سۈپەتلىك راك كېسىلى ئىدىكىن مەن بىلمىدىم. دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە ياتتى، ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھايات ۋاختىدىكى سۆيۈملۈك ئايالى سالى خانىم، ئەكبەر مىجىتنىڭ جەسىدىنى لوندۇندىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە، قەشقەر يېڭى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، مەرھۇم ئەكبەر مىجىتنى ئۆز يۇرتىدا يەرلىككە قويدى. رەھمەت سىزگە سالى خانىم. ئاللاھ، ئەكبەر مىجىتكە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەيسەن، ياتار جايىڭ جەننەت بولسۇن ئۇكا!



ئۇيغۇر باھارى

Uyghur Bahari

*www.uyghurbahari.org*